مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژورنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژورناللار سېپىگە كىرگەن ژورنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژورنال

# ميراس

# MIRAS(HERITAGE)OF UYGHUR FOLK CULTURE

# 美拉斯



5
2011

ISSN 1004-3829
10>

جۇنۇن ۋادىسىغا مايىل كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزگارىمنى.

فەلەك بىدادىدىن گەرچە مېنى خاكى غۇبار بولدۇم،
تىلەرمەن تاپماغايلار تۇتىيالىققا غۇبارىمنى.

شەك ئېرمەس پەرتەۋى تۈشكەچ ئۆيى ھەم، رەختى ھەم كۆيمەك،
چۇ گۆرىستان گەدايى سىزمەگەي شەمئى مازارىمنى.

دېمەك قاي سارى ئەزم ئەتكۈڭ، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر،
قەزا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى.

تۈگەندى ئەشك گۈلگۈن، ئەمدى قالمىش زەپىرانى يۈز،
فەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خازان بىرلە باھارىمنى.

دىيارىم ئەھلى بىرلە ياردىن باشىمغا يۈز مېھنەت،
نېتەڭ باشىمنى ئالىپ كەتسەم قويۇپ يارۇ-دىيارىمنى.

يامان ھالىمغا باغرى ئاغرىغاي ھەركىمكى كۆرگەي،
باغىر پەرگالەسىدىن قانغا بۇلغانغان ئۇزارىمنى.

ھەياتىم بادەسىدىن سەرگىرانمەن ئەسرۇ، ئەي ساقى،
قەدەھقە زەھر قاتىل قوي، داغى رەفئ ئەت خۇمارىمنى.

جاھان تەركىنى قىلماي چۈنكى تىنماق مۇمكىن ئېرمەستۇر،
نەۋايى، قىل مېنى ئازاد ئۆرتەپ يوقۇ-بارىمنى.

— ئەلىشىر نەۋايى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2011 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 127 - سان)


## يورۇق يۇلتۇزلار

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەشھۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايى ...... ۋاھىتجان غوپۇر (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «فەرھاد- شىرىن» داستانى ...... ئې. ئې، بېرتېلس (سوۋېت ئىتتىپاقى) (10)

مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى بولاي دېسىڭىز ......... روشەنگۈل ياسىن (78)

## يېمەكلىرىمىز

ئەنئەنىۋى تائامىمىز «ژىت» توغرىسىدا ............ ئىسھاق مۇھەممەد (22)

## ئادەت قىرىماس

نان يېقىش ۋە ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان قورال- سايمانلار ...... شاۋكەت ئىلاخۇن (25)

تاقىا- تۇقفا ئادەتلەر ............ ئەنۋەر مەتسەيدى (55)

## ساقلىقىڭ شاھلىقىڭ

قۇم ئۈستىدە يالاڭئاياغ مېڭىپ بېرىش ئادىتى ۋە سالامەتلىك ...... قۇربان ئوبۇل (34)

## ...ەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇر...

شۋېتسىيەنىڭ لوندوندىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى ... گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە) (36)





باش مۇھەررىر:

**ۋاھىتجان غوپۇر**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**نۇرنىسا باقى**

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**ئەزىزە تۇيغۇن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


ئۇيغۇرلاردىكى خۇراپىيلىق ۋە ئەقىدىچىلىك - - -    داۋىد گۇستافسون (75)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

مەككارنىڭ ئاقىۋىتى ......................    توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (41)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

ئۇيغۇرلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى ......................    مامۇت قۇربان (48)

ئۇيغۇرلاردىكى گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى ......................
......................    نىياز ساتتار، قۇربان سابىر (72)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئىككى مەسەل ......................................    مۇھەممەد ئىمىن (58)

## ئۇنچىلەر تىزمىسى

دەفتەرى چىنگىزنامە - - - - - -    تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (60)

## دۇنيا مىراسى

قەدىمكى خېتىم مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش ......................
......................    ئايجامال مۇھەممەد تەرجىمىسى (69)


# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 62 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!


**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن**
**تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ**
**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى**
**ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس**


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە ئەلىشىر نەۋايى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنىڭ رەسىمى. 1480 - يىللاردا ھېراتتا سىزىلغان. رەسسام قاسىم ئەلى چېھرە كۇشاي. رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىر تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى خەزىنە مۇزېيىدىكى 2155 رەقەملىك قوليازمىنىڭ 29 - ۋارىقىدا ساقلانماقتا.


Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
（法人代表）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**
**本期责人编辑：**
**努尔尼沙·巴克**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017,4559756（Fax）
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
**E_mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



**ۋاھىتجان غوپۇر**

(ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ 510 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

# ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەشھۇر شائىر

# ئەلىشىر نەۋايى

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىب قاتارلىق مەشھۇر ئىلىم-پەن ئەربابلىرى ھەم ئەدەبىيات پېشۋالىرى ۋەكىللىكىدىكى قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەبەدىي ئۆلمەس ئىجادىي مېھنەتلىرى ئارقىلىق يەنە بىر پەللە يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تالانتلىق ئەدىب، مەشھۇر تىلشۇناس، ئاتاقلىق سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا سالماق ئورۇن ئىگىلىگەن پارلاق نامايەندىلىرىمىزنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىل بۇ يېتۈك سۆز ئۇستىسىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 570 يىل، ۋاپات بولغىنىغا 510 يىل بولدى. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئاشۇ دەۋردىكى بىباھا مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ مەنىي ھاياتىنى بېيىتىپ، روھىغا جۇشقۇنلۇق، تەپەككۇرىغا زەكىلىك، تىلىغا پاساھەت، سەنئەت تۇرمۇشىغا رەڭدارلىق

بەخش ئەتتى. كېينكى مەزگىللەردىكى مائارىپ، مەدەنى-
يەت، ئېتىكا، تىلشۇناسلىق، خەتتاتلىق... قاتارلىق ساھە-
لەر تەرەققىياتىدا تەڭداشسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە
ئايلاندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقاملىرىنى ئاجا-
يىپ گۈزەل، جەزىبدار تېكىستلەر بىلەن تەمىنلىدى.

نەۋايى 1441-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى ھىرات①
شەھىرىدە (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) مەرىپەتپەر-
ۋەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابى، مەشھۇر تا-
رىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگانى ئۆزىنىڭ ئابدۇرەشىدخان-
غا بېغىشلاپ يازغان داڭلىق ئەسىرى «تارىخىي رەشى-
دى»دە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئەلىشىر نەۋايى ھىراتتا
ئۇيغۇر باقشىسى (كاتىپى — ئۇستازى) غىياسىددىن
كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان» دەپ يازىدۇ. فىلولوگىيە
پەنلىرى دوكتورى ئىززەت سۇلتانوف 1973-يىلى تاش-
كەنتتە نەشر قىلىنغان «نەۋايىنىڭ قەلب دەپتەرلىرى»
ناملىق ئەسىرىنىڭ 28-بېتىدە مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ
يۇقىرىقى مەلۇماتى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتىدۇ. «تارى-
خىي رەشىدى»دە يېزىپ قالدۇرۇلغان مەزكۇر مەلۇماتنى
يەنە ئا. ئا. سېمېنوف، ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان قا-
تارلىقلارمۇ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلى-
رىدا ئېنىق تەكىتلەيدۇ①.

دېمەك، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار ۋە تەتقىقات نە-
تىجىلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى
ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر
زىيالىيسى غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن-
لىكى كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. يىدنە بىر تە-
رەپتىن ئالغاندا ئەلىشىر نەۋايى دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئالدى-
كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى
بولغان ھىرات شەھىرىدە ئابدۇراخمان جامى (مىلادى
1414 — 1492-يىللار)نىڭ ئۇستازى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر
ئالىمى سەئىددىن قەشقەرى يۈكسەك ئىلمىي ئەمگەكلەر
بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى، جۈملىدىن ئەينى دەۋر مەدەنى-
يىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس ھەسسە قوشقان ئۇيغۇر ئا-
لىملىرى ۋە ئەدىبلىرىدىن سۇلتان مالىك قەشقەرى، جا-
نىبەگ (دۇلداي) قەشقەرى، غىياسىددىن باقشى، ئەخمەت
ھاجىبەگ، شاھقۇلى، لۇتفى، ئاتايى قاتارلىق مەرىپەت پې-
شۋالىرى ئەنە شۇ ھىرات شەھىرى جامائەت ئىشلىرىغا
ئىشتىراك قىلغان ۋە ئىلىم-پەن، بەدىئىي ئىجادىيەت سا-
ھەسىدە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتقانىدى.

يۇقىرىقىدەك ياخشى شارائىت ۋە ئەۋزەل مۇھىت
ئۆسمۈر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قەلبىدە ئىلىم-مەرىپەتكە
بولغان قىزغىن تەلپۈنۈشنى، بەدىئىي ئىجادىيەتكە بولغان
قايناق ھەۋەس ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتنى ئويغاتتى. ئۇ بال-
لىقىدىن باشلاپلا گۈزەل ئەدەبىياتقا قىزغىن بېرىلگەنلىكى
ئۈچۈن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت
ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇرانە يۇلتۇزغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل
ئۆمرىنى خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن
كۈرەش قىلىشقا بېغىشلاپ، بەدىئىي ئىجادىيەتتە كىشىنى
ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزاتلارنى ياراتتى.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بەزى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۆمۈ-
رىيلەر سارىيىغا يېقىن كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى
غىياسىددىن بارلاسمۇ خۇراسان شاھى ئوبۇلقاسىم بابۇر
سارىيىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغانىدى.

ئەلىشىر باشلانغۇچ بىلىمنى ھىراتتا ئالدى. ئۇنىڭ
ئاجايىپ تالانتى ۋە قابىلىيىتى مەكتەپ يېشىدىكى يىللار-
دىلا نامايان بولۇشقا باشلىغانىدى. پادىشاھ شاھرۇھ ۋاپا-
تىدىن كېيىن ئەۋج ئالغان تاج-تەخت تالىشىش ئۇرۇشلى-
رىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن نەۋايى ئائىلىسىنىڭ ھىراتتىن ئى-
راقنىڭ تەفتە شەھىرىگە كۆچۈشى سەۋەبلىك ئەلىشىرغا
ئۆز ئوقۇشىنى تەفتىدە داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ
تەفت شەھىرىدە 15-ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شە-
رەفىددىن ئەلى يەزدى (ھىجرى 858-يىلى، يەنى 1454-
يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن
سۆھبەتلەردە بولدى. ئالىم ئەلىشىرنىڭ يۇقىرى تالانتى
ۋە ئۆتكۈر ئەقىل-پاراستىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984-يىل 2-ئاينىڭ 14-كۈندىكى سانىنىڭ 4-بېتىگە قاراڭ.

① ھىرات — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى قەدىمكى بىر شەھەر. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن 1-ئەسىرگىچە باكتېرىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە «ھىرى» (كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ھىرا») دەپ ئاتالغان. مىلادى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب خەلىپىلى-كى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيادا مۇھىم ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. مىلادى 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

ئىلهام بەردى. شەرەفىدىن ئەلى يەزدى بىلەن ئۇچرىشىش
نەۋايىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە زور ئىش بولدى.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن،
جېدەل - ماجىرالار پەسەيدى. يەنى ئوبۇلقاسىم بابۇر
تەختكە چىقتى. نەۋايىنىڭ ئاتىسمۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ ھە-
راتقا قايتىپ كېلىش بىلەن، پادىشاھ سارىيىغا خىزمەتكە
كىردى. ئەلىشىر ھىراتتا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ
مۇشۇ دەۋرىدىلا ئىلىم - مەرىپەتكە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە
قىزغىن بېرىلدى. تېخى ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن ئەلە
شىر شەيخ سەئىدى (مىلادى 1203 ـــ 1292)نىڭ «گۈ-
لىستان»، «بوستان» ئەسەرلىرىنى، پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ
«مەنتىقۇت تەير» («قۇشلار مەنتىقىسى») كىتابىنى پۈتۈن -
پۈتۈن يادلىغانىدى. «مەنتىقۇت تەير»نىڭ ياش ئەلىشىرغا
بەرگەن تەسىرى ئانچە ياخشى بولمىدى. يەنى بۇ كىتاب
ئۇنىڭدا جىمجىت ۋە يالغۇز يۈرىدىغان كەيپىياتنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغانىدى. لېكىن دادىسىنىڭ بۇ كىتابنى كۆرۈشنى
قاتتىق چەكلىشى تۈپەيلىدىن، ئەلىشىردا ھاياتقا بولغان مۇ-
ھەببەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ تەدرىجىي
ئۆسۈشى بىلەن «مەنتىقۇت تەير»نىڭ تەسىرى ئۇزاققا
بارمىدى. نەۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا (60 يېشىدا) يازغان
«لىسسانۇت تەير» («قۇشلار تىلى») ئەسىرىدە بۇ ئەھ-
ۋالنى ئېنىق ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

ئەلىشىر ياشىغان مۇھىت ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە
ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسى، ئۇلۇغ شائىرى
بولۇپ يېتىشىشىدە چوڭ رول ئوينىدى. ئەلىشىرنىڭ ئاتا-
ئانىسى ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن تولۇق
شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ
مەشھۇر مۇزىكشۇناسى خوجا يۈسۈف بۇرھانىدىنىدىن مۇ-
زىكا ئۆگىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىخ، ئە-
دەبىيات، ھۆسنخەت، رەسىم قاتارلىق ساھەلەر بىلەنمۇ شۇ-
غۇللاندى. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان،
ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەيدىغان، بىلىملىك شائىر كىشى
ئىدى. ئۇنىڭ تاغىلىرى غەرىبى ۋە كابۇلىلارمۇ شائىر
ئىدى. شۇڭلاشقا ئەلىشىرلار ئائىلىسىگە شائىر ۋە ئالىملار
توپلىنىپ، مۇشائىرە ۋە مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى. بۇ
ئەھۋال نەۋايىدا ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىن ھەۋەسنى ئۈز-
لۈكسىز ئۇلغايتتى. ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئو-
قۇشتىن تاشقىرى ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ، بالىلىق
چاغلىرىدىلا شائىرلىقنىڭ يارقىن ئۇچقۇنلىرىنى چېچىشقا
باشلىدى. ئۇنىڭدىكى پارلاپ تۇرغان تالانت نۇرى زاما-
نىسىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانى-
دى. ئەلىشىر بۇ يىللاردا ئەينى دەۋرنىڭ پېشقەدەم شائى-
رى مىرشاھى بىلەن خەت - ئالاقىدە بولغاندىن تاشقىرى،
ئاتاقلىق شائىر لۇتفى بىلەن تونۇشتى. لۇتفىمۇ بالا شائىر-
نىڭ تالانتىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە يۈكسەك باھا
بەردى. نەۋايىغا زاماندىش تارىخچى مىرخۇندنىڭ ①
بايان قىلىشىچە، بىر كۈنى لۇتفى ئەلىشىردىن يېڭى
يازغان غەزەللىرىدىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى سورىغان.
ياش شائىر:

ئارەزىن ياپقۇچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش.
بۇيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز، نىھان بولغاچ قۇياش.
(ئۇ جامالىنى يوشۇرغاچقا كۆزۈمدىن ھە دەپ
ياشلار قۇيۇلىدۇ.
بۇ گويا قۇياش پاتقاندا، يۇلتۇز پەيدا بولغانغا
ئوخشاش ئەھۋال.) دېگەن سەدرە بىلەن باشلانغان غەزە-
لىنى ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇستاز شائىر بەكمۇ تەسىرلەنگەن.

ئەلىشىر 12 ـ 13 ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات
بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ
تەربىيەسىدە بولىدۇ. 15 يېشىدىن باشلاپ شائىرلىق
بىلەن شۆھرەت قازانغان ياش ئەلىشىر ھۈسەيىن بايقارا②
بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلىشقا
باشلايدۇ. 1456 - يىلى بابۇر بىلەن بىللە مەشھەدكە بارى-
دۇ. 1457 - يىلى بابۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ھۈسەيىن بايقارا
تەخت ئىگىلەش ئۈچۈن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش نىيىتىدە مەر-
ۋىگە كېتىدۇ. نەۋايى مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاش-
تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى
كامال تۇرباتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن

① مىرخۇند ـــ مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندىشاھ ئىبنى مەھمۇد مىرخۇند، مىلادى 1498 - يىلى ۋاپات بولغان. مەشھۇر تارىخ كىتابى «رەۋزەتۇسسەفا»نىڭ ئاپتورى.

② ھۈسەيىن بايقارا ـــ سۇلتان ساھىب قىران، ھۈسەيىن باھادىرخان (ھۈسەيىن بىننى، مەنسۇر بىننى، بايقارا بىننى، شەيخ ئۆمەر)، 1469 - يىلى ھىرات تەختىدە ئولتۇرغان، 1505 - يىلى ۋاپات بولغان، مەشھۇر شائىر بولغان، بىر مۇنچە شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازغان.

دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلىم
ئېلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، پەلسەپە، مەنتىقە، ماتې-
ماتىكا پەنلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام پەل-
سەپىسىنى، ئەرەب ۋە شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىنى قې-
تىرقىنىپ تەتقىق قىلىدۇ. جۈملىدىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋ-
سى، نىزامى گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئاتايى، لۇتفى
ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.
شۇنىڭدەك ئىجادىيەتكە قىزغىن بېرىلىپ، تۈركىي ۋە
پارسى تىللاردا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ
«زۇللىسانەين» (ئىككى تىل ئىگىسى) دېگەن نام بىلەن
شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان غە-
زەللىرىگە «نەۋايى» (كۈي، ئاھاڭ دېگەن مەنىدە)،
پارس تىلىدا يازغان غەزەللىرىگە بولسا «فانى» (ۋاقىت-
لىق، يوقالغۇچى دېگەن مەنىدە) دەپ تەخەللۇس قويىدۇ.
نەۋايى مەشھەدتە شائىر سەئىد ھەسەن ئەردەشىر
بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ.
پېشقەدەم شائىر ياش ئەلشىرنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى
ئۈچۈن زور ئىلھام بېرىدۇ. نەۋايى بۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ
كېيىن «ھالەتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» ناملىق ئەسىرد-
نى يازاتتى.
نەۋايى 18 ــ 19 ياشلىرىدا ئالىم ۋە شائىر سەئىدد-
دىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتى، بۈيۈك تاجىك شائىرى ئابدۇ-
راخمان جامى (1414 ــ 1492) بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ تونۇ-
شۇش نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىدە زور ئەھمىيەتكە
ئىگە چوڭ ئىش بولدى. ئابدۇراخمان جامى ئۆز زامانى-
سىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، ئاتاقلىق سەنئەتكارى
بولۇپ، نۇرغۇن شائىر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئۇستازى
ئىدى. ئۇ نەۋايىنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەم
شاگىرت، ھەم دوست، ھەم پەرزەنت ھېسابىدا قاراپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت ئىشلىرىدا مەسلىھەتلەشتى. نەۋايى
ئۆز ئەسىرىنى جامىغا، جامى بولسا نەۋايىغا ئوقۇپ بېرىپ
ئۆزئارا پىكىر سورىشاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى ئوت-
تۇرىدىكى مۇناسىۋەت ئىككى ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىرنىڭ
دوستلۇق ۋە ئىجادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندى.
نەۋايى بىر نەچچە ئەسىرىنى (مەسىلەن، «خەمسە»نى)
جامىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، جامى بولسا بىر نەچچە
ئەسىرىنى (مەسىلەن، «مۇزىكا ھەققىدە رىسالە»نى) نەۋا-
يىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يازغاندى.
1459 ـ يىلى ئەبۇ سەئىد ① تەختكە چىققاندىن
كېيىن ۋاقىتلىق تىنچلىق پەيتىدە ئەلشىر نەۋايى مەشھەد-
تىن ھىراتقا قايتىپ كېلىپ، ئەبۇ سەئىد سارىيىغا خىزمەتكە
كىردى. ئەبۇ سەئىد ئىنتايىن زالىم پادىشاھ بولغاچقا، ئۇ-
نىڭغا قارشى قوزغىلاڭلار پات-پات بولۇپ تۇراتتى. ئەبۇ
سەئىدنىڭ خەلققە سالغان زۇلمىدىن نارازى بولغان شائىر
ئۆزىنىڭ مەشھەدتىكى ئۇستازى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر-
غا يازغان شېئىرىي مەكتۇپ «ھەسبى ھال» («ھال-
ئەھۋال بايانى»)دا شۇ چاغدىكى مۇدھىش كۈنلەرنىڭ
رېئال كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى. نەۋايىنىڭ ھا-
ياتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى ئۆگىنىشكە
چوڭ ياردەم بېرىدىغان بىردىنبىر ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئە-
سەردە ئەبۇ سەئىد زامانىدا دوستلۇق، ساخاۋەت، ياخشى-
لىقنىڭ ئورنىنى دۈشمەنلىك، بېخىللىق، يامانلىق ۋە ھە-
سەتخورلۇق ئىگىلىگەنلىكى، ئەمەلدارلار، ئالدامچى روھا-
نىلارنىڭ ۋەخپىلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا شاراب
ئۈچۈن تەك (ئۈزۈم) تىككەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ئاھالىنى
ۋەيران قىلغانلىقى پاش قىلىنىدۇ.

ھەم ئەۋقاننى سەرد ئەملاق ئېتىپ،
ۋەلى كۆپرەكىنى مەي ئۈچۈن تەك ئېكىپ.
ھەم ئەل مەنزىلىنى شاھ كاتەكتىن بۇزۇپ،
تاۋۇغ ئورنىغا چۇغز ئولتۇرغۇزۇپ.

(ۋەخپىلەرنى روھانىلار ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالدى،
ئۇنىڭ كۆپ قىسمىغا شاراب ئۈچۈن ئۈزۈم تېرىدى.
پادىشاھ خەلقنىڭ ماكانلىرىنى توخۇ كاتىكىنى بۇزغان-
دەك بۇزۇپ تاشلاپ، توخۇنىڭ ئورنىغا ھۇۋقۇش ئۇۋۇلاتتى).
بۇ دەۋردە ئەمەلدارلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر
تەرەپتىن بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنى تۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن

① ئەبۇ سەئىد ــ سۇلتان ئەبۇ سەئىد بىننى، مۇھەممەد بىننى، مىرانشاھ بىننى تۆمۈر، مىلادى 1459 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، 1469 ـ يىلى ئەزەربەيجان ۋالىيسى ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

① پالۋان مۇھەممەد كۆچتۈڭگۈر ــ نەۋايىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى، ئالىم، شائىر ۋە مۇزىكانت. ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا مۇھىم ئەمەللەردە بولغان. خوتەنلىك شائىر موللا ئىسمەتۇللا «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا بۇ زات ھەققىدە كەڭرى مەلۇمات بەرگەن («تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1982 ـ يىل نەشرىگە قارالسۇن).

تاماخورلۇق، پارىخورلۇق ھۈنىرىنى ئىشقا سالاتتى. شائىر بۇ ھەقتە «ھەسبى ھال»دا مۇنداق يازىدۇ:

قاراپۇل ئۈچۈن ئەيلەبان قەتل فەن،
ئۆلۈكتىن تەمەئ ئەيلەپ ئەمما كەفەن.
...
ئۆلۈم كەلسە بىر زارى بىدىل سارى،
مەدەد ئەيلە بان لىك قاتىل سارى.
(بىر تىيىن ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ھۈنەر قىلىپ،
ئۆلۈكتىن كېپەن تاما قىلىشىدۇ.
.....
بىر بىچارە دىلى ئۆزۈككە قازا كەلسە،
يەنىلا قاتىلغا مەدەت بېرىشىدۇ.)

نەۋايى بۇ ئەسىرىدە يەنە جەبىر ـ زۇلۇم دەستىدىن نۇرغۇن ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ باشقا جايلارغا باش ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ئېغىر شارائىتنىڭ ئۆز ئىجادىغىمۇ تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئۆتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى 1485 ـ يىلى يازغان «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») ناملىق داستانىدا زالىم پادىشاھ ئەبۇ سەئىد ھەققىدە يېزىپ، ئۇنىڭ ھالاكىتىگە لەشكەرلىرىنىڭ نارازىلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

تارىخچى مىرخۇندنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، نەۋايى دوستى پالۋان مۇھەممەد كۆچتۈگگۈر ① بىلەن ھىراتتىكى باغى سەئىدە سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقاندا، زىرائەتلىرى سۇسىز قېلىپ، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر دېھقان ۋەزىرلەرنىڭ زورلۇقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پادىشاھتىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، نەۋايى ئۇنىڭغا قاراپ تۆۋەندىكى بېيتنى ئوقۇغان:

گەداكى نان ئەزدەرى شاھ جۇست،
بىر بايادزى ئابى خۇدەش دەست شۇست.
(پادىشاھنىڭ ئىشىكىدىن نان تىلىگەن گاداي،
ئۆز سۈيىدىن قولنى يۇيىمىقى كېرەك.)

ئەبۇ سەئىد نەۋايىنىڭ نارازىلىقىدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايى ئەبۇ سەئىدكە قارشى تەخت تالىشىش ئۇرۇشى قىلىۋاتقان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئەبۇ سەئىدكە قارشى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى سېپىدە نەۋايىنىڭ تاغىلىرى كابۇلى بىلەن غەرىبىلەرمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋايىنىڭ ھىراتتا تۇرۇشنى ئۆزى ئۈچۈن زور خەۋپ دەپ بىلگەن ئەبۇ سەئىد 1467 ـ يىلى شائىرنى سەمەرقەندكە سۈرگۈن قىلدى. بارلىق مال ـ مۈلكى ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغىنى ئۈچۈن ئېغىر كۈنگە قالغان شائىر سەمەرقەندتە يەنىلا تىرىشىپ ئۆگەندى. ئالىملار، شائىرلار بىلەن تونۇشتى. ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى فەزۇللا ئەبۇللەيىستىن تەلىم ئالدى. نەۋايى (مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر يىغىلىشى») دېگەن ئەسىرىدە فەزۇللا ئەبۇللەيىسنىڭ مەشھۇر ھوقۇقشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئىككى يىل ساۋاق ئالغانلىقىنى، مەزكۇر ئالىمنىڭ ئۆزىنى پەرزەنتىم دەپ قارىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سەمەرقەند ئەينى دەۋرنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، نۇرغۇن جايلاردىن كىشىلەر كېلىپ بۇ يەردە بىلىم ئالاتتى. نەۋايى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بېرىلىپ ئۆز بىلىمىنى تولۇقلايدۇ. سەككاكى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئىجادى بىلەن تونۇشىدۇ. شائىر بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىنى «خەمسە»دە ئەسلەپ ئۆتكەنىدى.

نەۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي تىلى (ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش جەھەتتىكى كۈرەشلىرىنى سەمەرقەندتىكى چاغلاردىلا باشلىغانىدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنى كەمسىتكۈچىلەرگە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق رەددىيە بېرىش بىلەن، ئۇلارنى ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشقا ئۈندىدى.

نەۋايى سەمەرقەندتە ئىككى يىل تۇردى. ئەبۇ سەئىد 1469 ـ يىلى غەربىي ئىرانغا قىلغان ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن بايقارا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھىراتقا كىردى ۋە شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. نەۋايىمۇ شۇ يىلى ئاپرېلدا ھىراتقا قايتىپ كەلدى. ساراي ئۈچۈن نەۋايىدەك دانا ۋە پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى زۆرۈر دەپ بىلگەن ھۈسەيىن بايقارا شائىرنى سارايغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا «مۆھۈردار» (تامغىچى)لىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. نەۋايى بۇ چاغلاردا ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئەلنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن،

بۆلگۈنچى شاھزادىلەر ۋە ئەمىرلەرگە قارشى كۈرەشتە
چوڭ رول ئوينىدى. خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن
چەتلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن نەۋايىنىڭ ئابرۇيى كۈنسې-
رى ئۆسۈپ باردى.

نەۋايى ئىجادىيەت بىلەن كەڭرى شۇغۇللىنىش مەق-
سىتىدە «تامغىچى»لىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ.
لېكىن نەۋايىدەك بىر كىشىنىڭ ئوردىدا بولۇشىنى مۇھىم
بىلگەن ھۈسەيىن بايقارا ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا (1472-
يىلى) ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ، نەۋايى ۋەزىر بولغان
يىللاردا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلدى،
ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بەدىئۇز زامان ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئاداۋەت ۋە ئۇرۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىش
ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

نەۋايى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار قاراشلىرى
بىلەن باشقا ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلاردىن تۈپتىن پەرق
قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ۋەزىرلىكتە تۇرغان چاغلاردا مەدەنىيەت-
نىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بەزى ئىشلارنى
قىلدى. ئۇ ئۆز ئەتراپىغا ئالىملار، شائىرلار، سەنئەتكار-
لارنى توپلاپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشتى. ئۇلارغا ھەر
تەرەپلىمە ياردەم بەردى ۋە ئىجادىي ئىشلارنىڭ تۈرلۈك
ساھەلىرىگە (تىلشۇناسلىق، تارىخ، مېدىتسىنا، رەسساملىق،
خەتتاتلىق، مۇزىكشۇناسلىق قاتارلىق ئىلمىي ئىشلارغا)
ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. زامانىغا زامانداش تا-
رىخچى مىرخۇندنىڭ خاتىرىلىشىچە، تارىخىي ۋەقەلەرنى
رەتلەپ، كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىشنى ئۇنىڭغا ئۆز
دوستى نەۋايى تاپشۇرغان. ماددىي قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى-
دىن مىرخۇند ئۇزاق ۋاقىت يېزىشقا كىرىشەلمىگەندە، نە-
ۋايى يەنە ئۆزى بىنا قىلغان «ئىخلاسىيە» خانىقاسىدىكى
ئۆزى تەۋە بولغان مەخسۇس ئۆيىنى پۈتۈن كىتاب ۋە جا-
ھازىلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بەرگەن. مىرخۇند ئۆزىنىڭ
مەشھۇر تارىخ كىتابى «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا»نى ①
نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى كۆرسەتمىسى بويىچە يازغانىدى:
«شۇنداق بىر تارىخ كىتابى تەرتىپ قىلىنسۇنكىم، ئۇنىڭ
ئىبارىلىرى مەجاز، ئىستىئارە، كىنايە ۋە باشقا مۇرەككەپ-
لىكلەرگە ئورالمىغان بولسۇن. كىتاب بىر مۇقەددىمە،
يەتتە قىسىم ۋە بىر خاتىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن. ھەر
بىر قىسىم مۇستەقىل بىر كىتاب شەكلىدە بولسۇن. ئوقۇ-
غۇچى ئۇ قىسىملاردىن بىرىنى ئوقۇغاندا، باشقا قىسىملار-
نى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولمىسۇن...»

يۇقىرىقىلاردىن نەۋايىنىڭ ئالىملار ۋە سەنئەتكارلار-
غا قانچىلىك غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە يار-يۆلەكتە بول-
غانلىقىنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ. زامانىسىنىڭ مەشھۇر
رەسسامى بەھزادە، كامالەتكە يەتكەن خەتتات سۇلتان
ئەلى مەشھەدى قاتارلىقلارمۇ نەۋايىنىڭ ھامىيلىقىدا يېتىشىپ
چىقتى. مۇزىكانت قۇلمۇھەممەدمۇ «ناۋا» ناملىق مۇقام-
نىڭ ئىجادچىسى بولغان نەۋايىنىڭ تەربىيەسىدە يېتىلدى.

نەۋايى ۋەزىرلىك دەۋرلىرىدە يەنە بىناكارلىق - قۇ-
رۇلۇش ئىشلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش جەھەت-
لەردىمۇ خەلققە پايدىلىق زور خىزمەتلەرنى قىلدى.

نەۋايىنىڭ مەدەنىيەت ۋە قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى
بۈيۈك خىزمەتلىرى سارايدىكى بىر بۆلۈك جاھىللارنىڭ نا-
رازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار دۆلەت ئىقتىسادى-
نى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەل-
تۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك بوھتان ۋە ئىغۋالارنى ئويدۇ-
رۇپ چىقىرىش بىلەن نەۋايىنى سارايدىن چەتلەشتۈرۈشكە
تىرىشاتتى. نەۋايى ئىنتايىن سىقىلىش ئىچىدە، ئىجادىيەت
ئىشلىرىغا كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىش نىيىتى بىلەن 1476-
يىلى ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بەردى. ئۇ ئوردىدىن چەتلەش-
تۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ، بىر تەرەپتىن يەنىلا سىياسىي پائالى-
يەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، سارايدىكى نىزالارنى تۈگىتىش،
ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆز تى-
رىشچانلىقىنى قىلچە ئايىمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجا-
دىي ئىشلارغا قاتتىق بېرىلىپ، يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلە-
رى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى بايلىقلىرى ۋە تارىخ ماتېرى-
ياللىرىنى توپلاش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇل-
لاندى.

نەۋايى ئابرۇيىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ كېتىۋات-
قانلىقى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى.
ئۇلار پادىشاھنى چاقچىلىقىغا كىرگۈزۈۋېلىش يولىدا
تۈرلۈك چارىلەرنى ئىشقا سالدى. ھۈسەيىن بايقارا ئەيش-
ئىشرەتكە تولىمۇ بېرىلىپ كېتىپ، ئوردا ئىشلىرى بىلەن
كارى بولمىغاچقا، خەزىنە خوراپ، مالىيە ئىشلىرى ئېغىر

① «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا» دېگەن ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «رەۋزەتۇسسەفائى فى سىرەتۇل ئەنبىيا ۋە مۇلكى ۋە ئەلخەلافا» بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئالتە توملۇق ئەسەر.

ئەھۋالدا قالغاندا، نەۋايىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ ئىشتىن ئۆز سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلاندى. مەجدىددىن (نەۋايىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن ۋەزىر) قاتارلىق پۇرسەتپەرەسلەر ئالتۇن-كۈمۈش ھەدىيە قىلىش يولى بىلەن ھۈسەيىن بايقارانىڭ تىزگىنىنى تامامەن قولغا ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا جاھىللىرىنىڭ نەۋايىنى ھىراتتىن چەتلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى جىددىي تەلىپى ئاستىدا، ھۈسەيىن بايقارا شائىرنى ئاستراباد شەھرىگە ھاكىم قىلىش باھانىسى بىلەن پايتەختتىن چەتلەشتۈردى.

شۇنداق قىلىپ نەۋايى 1487-يىلى ئاسترابادقا باردى. ئۇ بۇ يەردە تېزدىن ئىشلارنى تەرتىپكە سالدى. خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشاتتى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يولغا قويدى. ئالىم ۋە سەنئەتكارلار بىلەن تونۇشتى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نەۋايى 1469-يىلىدىن كېيىن تەختكە چىققان خۇراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنىڭ زېرەك، ئەقىللىق، خەلقپەرۋەر، ئادىل پەزىلەتلىكلىكىگە قايىل بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر زاتنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغانىدى.

نەۋايى خەلقنىڭ قايغۇسى ۋە ئاھۇ - زارىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكى، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە كەلتۈرۈپ بەرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان كىشى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش جەريانىدا ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، جاپاكەش يوقسۇللارنىڭ ۋە ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئۇلار ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغانىدى. بىراق نەۋايىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ پۇقراپەرۋەرلىك ئىدىيەسىدىن بەكمۇ خەۋپسىرەپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالغۇچى شەخس دەپ تونۇپ، زەھەرلىك سۇيىقەست قىلىش يولىغا ئۆتتى. ئۇلار تۈرلۈك قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، نەۋايىغا خىلمۇخىل بوھتانلارنى چاپلاپ، پادىشاھنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنى ئوردىدىن ھەم پايتەخت ھىراتتىنمۇ قوغلاپ چىقاردى، ھەتتا نەۋايىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەست ئۇيۇشتۇردى. نەۋايىنىڭ مانا شۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى ئۇنىڭغا ئىجابىي ھەم سەلبىي جەھەتلەردىن باي ھەم مول بىلىملەرنى بەردى. ئۇنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، خەلق بىلەن يېقىنلىشىشىغا، خەلقنىڭ ئاھۇ-زارلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشىگە؛ ئادالەت ۋە ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇپ، زالىم، پارىخور ئەمەلدارلارنى پاش قىلىشىغا، ئۆلمەس خەلقپەرۋەر مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، نەۋايىنىڭ ئادالەت كۆز قارىشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلىرىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغان كىشى بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلماي قالمايدۇ.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىنى گۈزەل، نەپىس، كۆپ ئىپادىلىك ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دەپ ھېسابلانغان قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ئەھمىيەتكە ئىگە «نەۋايى دەۋرى»نى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋايى پۈتۈن ھاياتى داۋامىدىكى ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ رەڭگارەڭ گۈل چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن كۆركەم، سۈلماس، سەلتەنەتلىك باغچىسىدىن تەملىك شىرنىلەرنى يىغىپ، ئۇنى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن تۈگىمەس مەنىۋى ھەسەلگە ئايلاندۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتتى. ئۆز ئانا تىلىنىڭ (ئۇيغۇر تىلىنىڭ) ساپلىقى ۋە مۇكەممەللىكى ئۈچۈن چېلىشتى. ئەينى دەۋردىكى ئۆز ئانا تىلىنى مەنسىتمىگۈچى ھاماقەتلەرگە ئۆزىنىڭ بۇ تىلدا ياراتقان ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق دەل جايىدا، قاتتىق رەددىيە بەردى، يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، نەۋايى ئەينى دەۋردىكى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە بۇ جەھەتتىمۇ يۇقىرى قابىلىيەت يارىتىپ، ئاتاقلىق تىلشۇناسقا ئايلاندى.

نەۋايى ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئۇيغۇر

پوئېزىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىل ۋە ژانىرلىرىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر مۇنچىلىغان يېڭى شەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

نەۋايى 1487-يىلى ئاستىراباتتا سۈرگۈن ھېسابىدا تۇرغان مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بارلىق غەزەللىرىنى توپلاپ، 16 خىل لىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان، 44 مىڭ 803 مىسرادىن 3150 پارچە شېئىردىن تۈزۈلگەن «خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىمدىكى لىرىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنى يىغىپ «دىۋان فانى» ئىسىملىك توپلامنى تۈزۈپ چىقتى.

«خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») نەۋايىي تەرىپىدىن مەزمۇن ۋە ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن «غەرايىبۇس سەغەر» («ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى»)، «نەۋادىرۇش شەباب» (« يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدەيئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى») ۋە «فەۋائىدۇل كىبار» («قېرىلىقنىڭ پايدىلىرى») دېگەن تۆت قىسىمغا بۆلۈپ تۈزۈلگەن بولغاچقا خەلق ئىچىدە «چار دىۋان» (تۆت توپلام») نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

«خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») ئومۇمىي ئىدىيەسى يېقىندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاساسەن ئادالەت، ۋاپادارلىق، پاك ئىنسانىي سۆيگۈ، گۈزەللىك ۋە ئىلىم-مەرىپەت، تەرەققىياتقا بولغان ياڭراق سەمىمىي مەدھىيەنى، ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىپەزلىك، ۋاپاسىزلىق، نادانلىق، جاھىللىق، ئاچ كۆزلۈك... كە قارشى لاۋۇلداپ ئوتلۇق غەزەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىرىكىلار بولۇپ، مەدەنىي مىراسلىرىمىز ئىچىدىكى تەۋەررۈك گۆھەرلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى ئىلھام بۇلىقىدىن قېنىپ-قېنىپ سۇ ئىچكەن بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى نەۋايى 1483-يىلىدىن باشلاپ، خەلق داستانلىرى ۋە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى سۇژىتلار ئاساسىدا ئىجادىي يېزىلغان، بەش داستاندىن تۈزۈلگەن «خەمسە» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى مەشھۇر داستانلار توپلىمىنى يېزىشقا كىرىشتى. 1485-يىللارغا كەلگەندە 52 مىڭ مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە» («يەتتە سەييارە») «ھەيرەتۇل ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») سەرلەۋھىلىك بەش پارچە يىرىك داستاندىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى مەشھۇر داستانلار توپلىمى — «خەمسە»نى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

نەۋايى چوڭ ھەجىمدىكى داستانلار توپلىمى «خەمسە»دە 15-ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ھايات مەسىلىلىرىگە كونكرېت يارىتىلغان پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەتراپلىق، دەل جايىدا، توغرا جاۋاب بېرىدۇ، گۈزەل ئەخلاقنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى، ئەقىل ۋە سائادەتنىڭ ئاساسى بولغان ئەمگەكنى، تەرەققىياتنى ۋە ئىلىم-پەننى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈيلەيدۇ، تەرەققىيات ۋە مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار، جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋايى ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ 1488-يىلىدىن كېيىن پوئېزىيەنىڭ ئېپىكا ۋە لىرىكا تۈرلىرىدىكى ئىجادىي پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق، پەلسەپە... قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەرقايسى ئېقىملىرىغا مەنسۇپ بولغان ئىلمىي، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرى ئۈستىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، مۇلاھىزە ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئىلمىي، نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى يازدى. 1488-يىلى يېزىلغان «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» («ئەرشىن شاھلىرى») ناملىق ئەسەر، 1490-يىلى يېزىلغان «ھالەتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»① ناملىق ئەسەر، 1491-يىلى يېزىلغان، 355 نەپەر مەشھۇر يازغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر تونۇشتۇرۇلغان «مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر يىغىلىشى») ناملىق ئەسەر؛ 1498—1499-يىللار يېزىلغان، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «لىسانۇت تەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسەر؛ 1499-يىلى يېزىلغان،

① سەئىد ھەسەن ئەردەشىر — شائىر ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، نەۋايىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. 1488-يىلى ۋاپات بولغان، نەۋايى يۇقىرىقى ئەسەردە ئۆزىنىڭ مەرھۇم دوستىغا بولغان مۇھەببىتىنى بايان قىلىدۇ، ئۇنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئەرەب،
پارس تىللىرىغا سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلايدىغان، تىل مەسىلە-
لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن»
(«تىللار توغرىسىدا مۇھاكىمە») ناملىق ئەسەر ۋە
«ئارۇز تۈركى» (ئارۇز ۋەزنى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى
ئەسەر)، «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزىنلەر ئۆلچىمى»)،
«سىراجىلمۇسلىمىن» («مۇسۇلمانلار چىرىغى»)... قاتار-
لىق ئىلمىي، بەدىئىي مىراسلار ھەم ئۇنىڭ ھاياتىدىن تەخ-
مىنەن بىر يىل ئىلگىرى، يەنى 1500-يىلى يېزىلغان، ئىج-
تىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان «مەھ-
بۇبۇلقۇلۇپ» («قەلبلەر دوستى») ناملىق ئەسەر يۇقىرىقى
پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلشىر نەۋايى كىلاسسىك
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈف خاس
ھاجىپ، ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى، نەسىردىن رابغۇ-
زى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى... قاتارلىق مەشھۇر ۋەكىل-
لىرى ياراتقان مول مەزمۇنلۇق ئېسىل تەجرىبىلەرنى تىرى-
شىپ ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كىشىنى
ھەيران قالدۇرارلىق شىجائەت بىلەن ھارماي-تالماي
ئىجاد قىلدى، ئۆزىنىڭ نادىر بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەرلىرى
ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭقۇر
تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى ئالىم، ئەدىبلىرى-
مىزنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن پارلاق
ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

نەۋايى ئاستىرابادتىكى سۈرگۈنلۈك ھاياتىنى ئاخىر-
لاشتۇرۇپ، ھىراتقا قايتىش ئارزۇسىنى پادىشاھ ھۇسەيىن
بايقاراغا ئۆزى ئىلتىماس مەكتۇپلىرى ئارقىلىق قايتا-قايتا
بىلدۈرگەن بولسىمۇ، پادىشاھ بۇ مەكتۇپلارغا جاۋاب بەر-
مىدى. ھەتتا ئۆزى بىۋاستە ھىراتقا كېلىپ، پادىشاھتىن ھە-
راتتا قېلىشنى ئىلتىماس قىلغان چاغدىمۇ، يەنىلا ئاستىرابادقا
قايتىش توغرىسىدا يارلىق ئالدى. نەۋايىنى زەھەرلەپ ئۆل-
تۈرۈش ئۈچۈن شائىرنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇش-
تۇرۇلغان سۇيىقەست پاش بولغاندىن كېيىنلا، پادىشاھ نەۋا-
يىنىڭ ھىراتقا قايتىش تەلىپىنى ماقۇللاشقا مەجبۇر بولدى.

نەۋايى ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گەرچە سا-
رايدا خىزمەت قىلىش نىيىتىدە بولمىسىمۇ، خەلقنى نەزەر-
دە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئاتا-بالا
(شاھ ۋە شاھزادىلەر) ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش-جېدەللەر-
نىڭ ئالدىنى ئېلىش تەرەپلەردە كۈچ چىقىرىپ ئىشلىدى.
شۇنىڭغا قارىماي قارىمۇ قارشىلىقلار كۈچىيىپ، ئۇرۇش
ئوتى تۇتۇشۇشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ يىللاردا نەۋايىنىڭ
قەلبىنى ئازابلايدىغان بىر قاتار ۋەقەلەر ئارقا-ئارقىدىن
يۈز بېرىشكە باشلىدى: 1492-يىلى ئۇستازى ئابدۇراخ-
مان جامى ۋاپات بولدى. نەۋايىنىڭ ئىنىسى دەرۋىش
ئەلى ۋەزىر مەجدىدىننىڭ نەۋايىغا بوھتان چاپلىغانلىقى،
پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىسيان كۆ-
تۈرگەندى. كېيىن نەۋايىنىڭ ئارتۇقچە قان تۆكمەسلىك
توغرىسىدىكى تەكلىپى بىلەن ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ياراش-
قان بولسىمۇ، شاھنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن زىندانغا
تاشلاندى. 1496-يىلى ھۇسەيىن بايقارا نىزامۇلمۇلك قا-
تارلىق ئوردا جاھىللىرى قۇترىتىپ توزاققا چۈشۈپ، نەۋرى-
سى مۆمىن مىرزا (بەدىئۇز زاماننىڭ ئوغلى)نى ئۆلۈمگە
بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ ئوغلى ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچىيىپ، قوشۇن تارتىش
دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 1499-يىلى ھۇسەيىن بايقارا
ئوردىدىكى پىتنىچىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ، نەۋايىنىڭ
سۆيۈملۈك شاگىرتى مىرزا ھەيدەر سەبۇھىنى ئۆلتۈردى.
يۇقىرىقى ھادىسىلەر شائىرنى روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەر-
بىگە ئۇچراتتى. قىسقىسى، نەۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىل-
لىرى ۋەزىيەتنىڭ تىنچسىزلىقى ئىچىدە ئېغىر قايغۇ بىلەن
ئۆتتى. شائىر شۇنىڭغا قارىماي بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن
ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك بەدىئىي مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى.

بىر ئۆمۈر ئاجايىپ زور تىرىشچانلىق بىلەن قىلىنغان
ئىجادىي ئەمگەكنىڭ قاتتىق چارچىتىشى ۋە ئۆز بېشىغا
كەلگەن ھەسرەت-ئەلەملەرنىڭ زەربىسى سەۋەبىدىن
روھىي ھەم جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشقان شائىر كېسەل-
گە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، مىلادى 1501-يىل 1-ئاينىڭ
3-كۈنى 60 يېشىدا ھىرات شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، بۈيۈك سۆز ئۇستىسى نەۋايىنىڭ يال-
قۇنلۇق يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان ئاشۇ كۈنى پۈتكۈل
خۇراسان زور قايغۇغا چۆمدى. ھىرات شەھىرىدىكى ئۇلۇغ-
ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى جۇدالىق قايغۇسىدا ئازابلىق ياش
تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك، ھەققانىيەتچى شائىرى ۋە
بۈيۈك مۇتەپەككۇرى بىلەن ۋىدالاشتى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسىدە)



# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانى

**ئى. ئى، بېرتېلس** (سوۋېت ئىتتىپاقى)

بۇ ماقالىنى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىغا بېغىشلايمىز

1

ھەربىي يۇرۇشلىرىدە ھىندىقۇشتىن ئاق دېڭىزغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلغان ھارماس فاتىھ تىمۇر 1405 ـ يىلى ھاياتى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. ۋارىسلىرى (ئادەتتە «تىمۇرىيلار» دەپ ئاتىلىدۇ) ئارىسىدا ئۇنىڭ مىراسلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىشتەك مۇھىم بىر ۋەقە ئوتتۇرىغا چىقتى. تىمۇرنىڭ تۆت ئوغلى ۋە 18 نەۋرىسى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىككى ئوغلى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن تەخت دەۋاگەرلىرىنىڭ سانى ئازايدى. قالغانلىرىمۇ ئەڭ ياخشى مىراسقا ئېرىشىشكە تىرىشتى.

تىمۇر ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن خاندانلىقنى تەقسىملەپ، نەۋرىسى پىر مۇھەممەد (ئەڭ چوڭ ئوغلى رەھمەتلىك جاھانگىرنىڭ ئوغلى) نى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن، تىمۇرنىڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تامامەن بويسۇنغان ئەسكەرلەر يېڭى ھۆكۈمدارىدا ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلغۇدەك قۇۋۋەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، پىر مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا تىمۇرنىڭ باشقا بىر نەۋرىسى بولغان خەلىل سۇلتانغا ئىنتا-

ئەت قىلدى. ۋارىسلار ئارىسىدا تۈگمەس ئۇرۇش باشلاندى. نەتىجىدە دادىسىنىڭ ئەمرى بىلەن خوراسان ئېلىگە هۆكۈمران بولغان تىمۇرنىڭ كىچىك ئوغلى شاھرۇھ 1409-يىلى سەمەرقەندنى قولغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا چىقتى. شاھرۇھنىڭ بۇ غەلىبىسى ئىچكى ئۇرۇشنى خېلىلا پەسەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن تامامەن توختىتالمىدى.

شاھرۇھنىڭ هۆكۈمدارلىقىنى (1440-يىلىغا قەدەر) تىمۇرنىڭ ئۇرۇشقا تولغان دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن تىنىچ بىر دەۋر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شاھرۇھ دادىسىغا ئوخشاش جەڭگىۋار بىر كىشى بولمىغاچقا، ھەربىي يۈرۈش ئۇنى جەلپ قىلالمايتتى. بايلىق توپلاش ئۈچۈن ئىشغالىيەت ئۇرۇشى قىلىشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى دادىسىنىڭ قىلغان ئۇرۇشلىرىدىكى بۇلاڭچىلىق نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا ھېسابسىز بايلىق قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز قىممىتىدىن پايدىلىنىشنى، ۋاقتىنى تىنچلىق ئىچىدە ئەلنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشنى «ھەربىي خۇشاللىق»تىن مۇھىم دەپ قارىدى. تەۋەلىكىدىكى شەھەرلەرنى گۈزەللەشتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىپ، كۆركەم بىنالارنى سالدۇردى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ چوڭلۇقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەشھەتتىكى ئىمام رىزا گۈمبىزى ئاشۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن، شاھرۇھ ئەدەبىياتقىمۇ بەكلا مەپتۇن ئىدى. سارىيىدا مەملىكەتنىڭ ھەر يەرلىرىدىن كەلگەن شائىرلار توپلاندى. لېكىن، شاھرۇھنى دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتىلا ئەمەس، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىگە تارتتى. ئەڭ داڭلىق خەتتاتلارنى ۋە مىنياتۇرچىلارنى توپلاپ، ئۇلار ياراتقان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئالاھىدە مۇھىم بىر كۇتۇپخانىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ كۇتۇپخانىدىن بۈگۈنكىچە ساقلىنىپ قالغان بەزى كىتابلار كۇتۇپخانىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

شاھرۇھنىڭ ئورنىغا چىققان ئۇلۇغبەگ (1409-1449) ئىلىمنى ھىمايە قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بارلىق بوش ۋاقىتلىرىنى ئاسترونومىيە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ سەمەرقەندتە ياساتقان رەسەتخانىسىنىڭ خارابىلىرى ۋە زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن ئاسترونومىيە ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ھۆكۈمدار ھەۋەسكارنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلىش روھىنىلا ئەمەس، يەنە ئۆز دەۋرىدە ئاسترونومىيەنىڭ نەقەدەر تەرەققىي قىلغان ئىلغار بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمدار ئىلىم بىلەن بۇ قەدەر مەشغۇل بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇلۇغبەگنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاخىر مەملىكەتنىڭ ئەھۋالىنى خېلىلا ئەندىشىلىك بىر ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. تىمۇرىيلار (تىمۇرنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى-ت) بۇ ھۆكۈمدارنىڭ غاپىللىقىدىن پايدىلىنىپ مەملىكەتنى ئاستا-ئاستا قولغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە بۆلۈۋېلىنغان ھەر بىر پارچە زېمىندا تىمۇرنىڭ نەسلىدىن بولغان بىر بەگنىڭ ئەتراپىغا ئەسكەر توپلاپ تۇنجى قەدەمدىلا تۇغقانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييار تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى كۆپ قېتىم ھۆكۈمدار ئالماشقان يېڭى بىر ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

بۇ مالىمانچىلىقتا جەسۇر ۋە روھلۇق بىرسى ئوتتۇرىغا چىقسىلا ئۆز ئالدىغا خېلىلا ياخشى بىر دۆلەت قۇرالايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ تىمۇرنىڭ نۇرغۇن نەۋرىلىرى ئىچىدىن مۇشۇنداق بىرسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ سۇلتان ئەبۇلغازى ھۇسەيىن بايقارا ئىدى. ئۇ، تەخمىنەن 1458 — 1459-يىللاردا ھازار دېڭىزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تاغلىق ساھىلدىكى گۇرجان ۋە مازاندىران ئېلىدە يەرلىشىپ، مەملىكىتىنى ئاستا-ئاستا كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۇ، كېيىنچە خوراسان، سىيىستان، بەلخ، ھىرات ۋە خارەزمنى مەملىكىتىگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، خوراسانىنى ۋاقىتىنچە رەقىبلىرىدىن بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكىمۇ مەجبۇر بولدى. لېكىن، 1469-يىلى ئۇ قايتىدىن تەختكە چىقىپ، ھىراتنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتتى.

ئۇزاق داۋاملاشقان ھۆكۈمدارلىقى دەۋرىدە (1506-يىلى باھاردا ئۆلدى) ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر قايتىدىن تىنچ بىر ھاياتقا ئېرىشتى ۋە شۇ ۋاقىتقا قەدەر نىسبەتەن تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان سەمەرقەند بىلەن رىقابەتلەشكەن ھىرات مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. تىمۇرىيلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتىدە مەۋجۇت بارلىق بۈيۈك شەخسلەر، يەنى ئەڭ ياخشى ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، پۈتۈكچىلەر، رەسساملار، مۇزىكانتلار، مىمارلار ۋە تۈرلۈك سەنئەت ئۇستىلىرى سۇلتان ھۇسەيىننىڭ مەركىزىگە توپلاندى. ئۆزىمۇ خېلىلا ياخشى شېئىرلارنى يازغان سۇلتان بۇلاردىن بىۋاستە پايدىلىناتتى. لېكىن، ئۇنىڭ

مەجلىسدە چوڭ رول ئوينىغان ئەلشىر نەۋايىنىڭ بۇ ئىشتا قولى بولمىغان بولسا، ئۇ ھېچقاچان ئىلىم ۋە سەنئەت ئەربابلىرىنى ئۆزىنىڭ مەركىزىگە توپلىيالمايتتى.

2

نەۋايى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخسلەردىن بىرى. ئۇ خاراكتېرىدىكى ئۇستۇنلۇكلىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە بىر ئىنسان. نەۋايىنىڭ نەزەر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، دۆلەت تەشكىلاتىدا تۇتقان ئالىي دەرىجىلىك ئورنىدىن دۆلەت سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى كۆرەلەيتتى. ئۇ بىر قابىل كىشى ئىدى، يەنى بۈيۈك دۆلەت خادىمى، مۇنەۋۋەر شائىر، تارىخ ۋە ئەدەبىياتنى ئەتراپلىق بىلىدىغان ئالىم، ئۇستا مىمار، رەسسام، مۇزىكانت ۋە ئىنسان قىلالايدىغان ھەر نەرسىگە مۇھەببىتى بار ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ قىممىتى جەمەتىدىكى ئەمىر بەگلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئۆلچىنەتتى.

## نەۋايىنىڭ ھاياتى

نەۋايى 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇ تىمۇرىيلاردىن ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ نامىدىن سەبزىۋار شەھرىنى ئىشغال قىلغان غىياسىدىن كىچككىنەنىڭ ئوغلىدۇر. شاھرۇھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىچكى ئۇرۇش باشلاندى. كىچككىنە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. نەۋايىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. نەۋايىنىڭ ياشلىقى يۇرتىدىن يىراق جايلاردا ئۆتتى. ئۇ بۇ يىللارنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. مەشھەد بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلىم مۇھىتلىرىدا (مەدرىسلەردە) تىرىشىپ ئوقۇدى.

مەملىكەتتە قايتىدىن تىنچلىققا ئېرىشكەن چاغدا نەۋايى دەرھال ھىراتقا قايتتى. 1469-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سۇلتان ھۈسەيىننىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمىدا نەۋايى ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك بىر قەسىدە تەقدىم قىلدى. سۇلتان شائىرنى سارايغا قوبۇل قىلىپ، مۆھۈردار قىلىپ تەيىنلىدى. قىسقىغىنا ۋاقىتتا نەۋايى سۇلتانغا بىر مۇنچە خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. سۇلتان 1472-يىلى ئۇنىڭغا ئەمىر ئۇنۋانىنى بېرىپ (شۇ سەۋەبلىك تارىخچىلار دائىم ئۇنى «مىر ئەلىشىر» دەپ ئاتايدۇ) ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئىشەنچلىك بىر قولغا تاپشۇرۇلغانلىقىغا چىن پۈتكەن سۇلتان دىققىتىنى دۆلەت ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى سەنئەتكە ئاتىدى. لېكىن، شۇ دەۋر شائىرلىرىنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا، تىمۇرنىڭ بىر مۇنچە ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش ئۇمۇ ئۆزىنى ئىچىملىككە ئۇردى.

نەۋايىمۇ بۇ مەزگىلدە بۈيۈك ئىشلارغا كىرىشتى. مەكتەپلەر، شىپاخانىلار، ھاماملار ۋە باغچىلار كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى. نەۋايى ھەر تەرەپتىن ئىلىم ئەھلىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا تارىخىي يىلنامىلەرنى ۋە ئەڭ قەدىمكى ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ شەرھىيسىنى يازدۇردى. مۇزىكىشۇناسلارغا ئىلھام بەردى، رەسساملىق، مىمارلىق ۋە خەتتاتلىققا كۆڭۈل بۆلدى. دەۋرداشلىرىدىن بىرسىنىڭ دېگىنىدەك، شۇ ۋاقىتتا ھەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى شۇ كەسىپنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قىلىشقا تىرىشتى.

نەۋايى يالغۇز ئىلىم ۋە سەنئەت ساھەسىدىلا يېتەكلەش ۋە ئىلھام بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھۈنەر ۋە تېخنىكىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇستىلاردىن بىرى كاھىشچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلاپ، ئۇزاق تەجرىبىلەردىن كېيىن باشقا ئەللەردە ياسالغان شۇ خىل نەرسىلەردىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان قاچىلارنى ياسىدى. ئاشۇ ئۇستا ھەر سائەتتە بىر قېتىم مۇۋاپىق بىر بېسىمنىڭ كۈچىنىڭ ئۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئاۋاز ياڭرىتىدىغان توقماقلىق بىر سائەت ياسىدى.



مانا بۇ مەشغۇلىيەتلەر نەۋائىينىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسالغۇ بولمىدى. ئۇ تۈرلۈك يوللار بىلەن مەملىكەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ۋە چېكىنگەن خەلق ئىگىلىكىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ ھەرىكەتلەردە ئۇ ساراي خادىملىرى بىلەن كۆرەش قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولدى. ئۇلار دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئىسىلزادىلەردىن بولمىغان بىر كىشىنىڭ قولىدا بولۇشىنى قوبۇل قىلالمايتتى.

ئۆزىگە قىلىنغان سۇيىقەستتىن خەۋەر تاپقان نەۋائىينىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، 1476-يىلى ۋەزىرلىكتىن قول ئۈزدى. ئەركىنلىككە چىققان ۋاقىتلىرىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ بۈيۈك شائىر ۋە شەيخ ئابدۇراھمان جامى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. گويا شەيخ بولغانلىقى ئۈچۈن مۆجىزىلىك كۈچلەرگە ئىگە كىشىدەك ئابدۇراھمان جامىدىن ھېيىقاتتى.

سۇفىزم پەلسەپىسى مەملىكەتنىڭ ناھايىتى نوپۇزلۇق كۈچلىرى چىرمىۋالغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەرۋىشلىك 10-، 11-ئەسىرلەردىكىدىن ناھايىتى پەرقلىق بولغان بىر ماھىيەتنى ئىپادە قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر مۇنچە شەيخلەرنىڭ (مەسىلەن، سەمەرقەندتىكى مەشھۇر خوجا ئەھرار كاتتا دىنىي داھىي بولدى) پائالىيەتلىرى دۆلەت بىلەن بىرىكىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى بايلىق توپلاش ئىدى. لېكىن، جامى بۇ مۇتەئەسسىپ گۇرۇھنىڭ سىرتىدا بولۇپ، بۇرۇنقى سۇفىزم ئەنئەنىسىنى قوغدايتتى. ئۇ ئىبن سىنا پەلسەپىسىنىڭ ۋە مەشھۇر ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئەڭ قىيىن سۇفىستىك چۈشەنچىلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىگەنلەردىن بىرى ئىدى. نەۋائىي ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئىسلام پەلسەپىسىدىكى بارلىق چۈشەنچىلەرنىڭ دائىرىسىنى كۆرۈپ يەتتى. نەۋائىي جامىنى ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا قويدى. ئۇنى شەيخ دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ مۇرىتى دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى تەسۋىرلەيدىغان دىققەتكە سازاۋەر بىر ئەسەر يازدى.

نەۋائىي دۆلەت ئىشلىرىدىن قولىنى تارتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەركەزدە تۇرۇشى سارايدىكىلەرنى ھەر ۋاقىت راھەتسىزلەندۈردى. نەۋائىي شېئىرلىرىدە ئۇزاق مەزگىللىك ئىستىقبالدىن سۆز ئاچقان بولسىمۇ، ئىسىلزادىلەر ئاشۇ قۇللارنىڭ بىر مۇنچىسىدا غەم-ئەندىشىسىز ھالدا ئۆزىنى ئىچىملىككە ئۇرغان سۇلتاننىڭ ئەتراپىدا ئەۋج ئالغان قانۇنسىزلىقلارنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇلار دۆلەت خىزمىتىدىن چېكىنگەن نەۋائىيدىن قورقاتتى. چۈنكى ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىشى نەتىجىسىدە ئېتىبارى ئەسلىدىلا تۆۋەن بولغان ئىسىلزادىلەرنىڭ تامامەن تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

نەتىجىدە نەۋائىي قايتىدىن دۆلەت مەمۇرى بولدى. ئۇنى ئاستىرابادنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ۋىلايەتنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ سۈرگۈندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دۈشمەنلىرى سۈرگۈننىڭ باشقا شەكلىنى تاللىيالمىدى. چۈنكى، نەۋائىينى ھەممە كىشى ياقتۇراتتى، ھەر تەبىقىدىكى خەلقنىڭ ناھايىتى چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

نەۋائىي ئاستىرابادتا پائال ۋە جانلىق بىر ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتقىنى يەنىلا ھىرات ئىدى. ئۇ بۇ شەھەرنى ياخشى كۆرگىنىدەك، بۇ يەردە يەنە دوستلىرى، كۆڭلى يېقىن شائىرلار ۋە ئۇستازى جامى بار ئىدى. ئۇ قايتىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن رەت قىلىندى. بۇ مەزگىلدە دۈشمەنلىرى ئۇنىڭدىن تامامەن قۇتۇلماقچى بولۇپ، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بۇ سۇيىقەست مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما، غەزەپلەنگەن نەۋائىي دۆلەت خادىملىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ئالدىدا ئىتائەت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۆزلۈكىدىنلا ھىراتقا قايتتى. بۇ قېتىم دۆلەت خىزمىتىدىن قول ئۈزۈپ، «مۇكەررەبۇلھەزرەت» ئۇنۋانى بىلەن مەركەزدە قېلىشقا رۇخسەت ئالدى.

بۇ يىللارنى ئۇ يۇرتىدا تولىمۇ بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. يوشۇرۇن ئىزىغا چۈشىدىغان ئىشلار ھېچ توختىمىدى. 1492-يىلى جامى ئالەمدىن ئۆتۈپ، نەۋائىي ئەڭ يېقىن دوستىدىن ئايرىلدى. ئىشلار شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، نەۋائىينىڭ ئىنىسى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئەمدى نەۋائىي يۇرتىدىن تامامەن يىراق تۇرۇشنى ۋە ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن ھىراتتىن مەككىگە كېتىشنى ئويلىدى. لېكىن، ھېچقانداق يەرگە كېتەلمىدى.

1500-يىلى سۇلتان بىلەن ئوغلىنىڭ ئارىسى بۇزۇلدى. سۇلتان مەركەزنى تەرك ئېتىشكە ۋە ئەسكەر



باشلاپ ئوغلىغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ھىراتتا دۆلەت ئىشلىرى نەۋايى بىلەن ساراي خادىملىرىدىن بىرىگە تاپشۇرۇلدى. شۇ يىلى 12-ئايدا سۇلتان ھۈسەيىن ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ ھىراتقا قايتتى. ئادەت بويىچە ئەمىرلەرنىڭ ئۇنى قارشى ئېلىشى شەرت ئىدى. 12-ئاينىڭ 28-كۈنى سەھەردە نەۋايى ۋە باشقا ئەمىرلەر شەھەردىن چىقتى. ھۆكۈمدار مۇلازىملىرى بىلەن يېقىنلاشقاندا، نەۋايى ئېتىدىن چۈشۈپ سالامغا ھازىرلاندى. لېكىن، تېنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەچكە، سالامدىن كېيىن قەددىنى رۇسلىيالمىدى. ئۇنى ھىراتقا ئېلىپ كېلىپ تېۋىپكە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. 1501-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ بارلىق كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدى. ئۇ ھىراتتىكى چوڭ جامەنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. دەپنە مۇراسىمىغا پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى قاتناشتى.

سۇلتان ھۈسەيىن باش ۋەزىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كۆپ ياشىمىدى. مەملىكىتىنىڭ ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. 1506-يىلى باھاردا يېڭىدىن مەيدانغا چىققان كۈچلۈك دۈشمىنى شەيبانىخانغا قارشى يۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا ئالەمدىن ئۆتتى. 1507-يىلى ھىرات يېڭى بويسۇندۇرغۇچىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ھۈسەيىننىڭ ئەۋلادلىرى يوقىتىلدى.

3

يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھىراتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇ دەۋردىن قالغان خاتىرىلەردىن ھەر مەجلىستە چوقۇم شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ بولغانلىقىنى، ئەدەبىي مۇنازىرىلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ۋە شائىرلارغا ناھايىتى زور ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلۇپ، ئۇلۇغلانغانلارنىڭ نۇرغۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.

ھىرات مۇھىتىدا يېتىشكەن ئەدىبلەردىن ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش يېتەرلىكتۇر. بۇلار يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، ناھايىتى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق جامى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن جىيەنى خاتىفى (1521-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، نەۋايىنى شېئىرلىرىدا مەدھىيەلىگەن ئەھلى شىرازى (1536-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، خېلىلا ئىستىداتلىق بولسىمۇ، بەزى ئۇستازلارنىڭ ئېتىرازلىرىغا ئۇچرىغان ئاستىرابادلىق خەلىلى (1532-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان بىر ماھارەتكە ئىگە بولغان ۋە ناھايىتى قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان تاجىك شائىرى ۋاسىفى قاتارلىقلاردۇر.

ھىرات ۋائىزى ھۈسەيىن كاشىفى (ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى 1504 — 1505-يىللارغا توغرا كېلىدۇ) ھايۋانلارغا ئائىت مەنقىبە كىتابى «كەلىلە ۋە دىمنە» نى شەكىل ماھارىتى جەھەتتە ھېلىمۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە ناھايىتى دىققەتنى تارتىدىغان بىر ئۇسلۇبتا ئىشلەش ئارقىلىق گۈزەل بىر نەسرىي ئەسەر ئۆرنىكىنى ياراتتى.

پارس تىلىدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىشقا خاتىمە بېرىشنى ئېسىلزادىلەردىن ھەۋەسكار يازغۇچى دۆلەتشاھ سەمەرقەندى سىناق قىلدى. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى شۇئارا» ناملىق ئەسىرى كەمتۈك ۋە خاتالىق كۆپ بىر ئەسەر بولسىمۇ، ھىراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتىدا كۆپ قوللىنىلغان ئەسەرلەرنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلەر تارىخچى مىرخاند بىلەن سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئەمرى بويىچە نەۋايى بىئوگرافىيەسىنى يازغان خاندىمىر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. بۇ ئىككى تارىخچىنىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىنىڭمۇ ناھايىتى پىششىق بىر ئەدەبىي تىل بىلەن ھەم ئاجايىپ نادىر سېلىشتۇرما، مەجازىي ۋاستىلەر ۋە كەڭ دائىرىلىك شېئىرىي پارچىلار ئارقىلىق بېزەلگەن بىر نەسرىي شەكىل


2011.5

بىلەن يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ يىلنا-
مىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش بىلىمىگە ئېرىشىش جەھەتتىن دىق-
قەتكە سازاۋەر بولغىنىدەك، يەنە كىشىگە بەك يۇقىرى بىر
بەدىئىي لەززەتمۇ بېرىدۇ.

ئاشۇ چاغدا ھىراتتا دەۋرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستاتلى-
رىنىڭ توپلانغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ
يالغۇز شەكىل جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىگە دىققەت قىلىشى
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە جەملەشتۈرگەن ئورتاق
بىر خۇسۇسىيەت ئىدى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە قوللانغان
ئۇسلۇبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئالدىنقىلار-
نىڭ تەرجىملىرىنى چۈشەنگەنلىكىنى ۋە ھېچقانداق بىر
شەكىل قىيىنچىلىقىنىڭ ئۆزىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى
ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى. ھەر بىر شېئىر مەيلى چوڭ بىر
قەسىدە ياكى كىچىك بىر غەزەل بولسۇن، شائىرلارنىڭ
تەدبىقلىغان شەكلى مۇشكۈل بىر ئالاھىدىلىكى بىلەن كى-
شىدە ھەيرانلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئەھلى شىرازى
ئىككى قاپىيەلىك، قوش مەنىلىك ۋە ئىككى خىل ۋەزىن-
لىك بېيىتلەردىن تەشكىل تاپقان نەزمىلەرنى يازدى. غە-
زەلدە قىيىن قاپىيە ۋە رەدىفلەرنى تاللاش بۇ شېئىرلار-
نىڭ ھەر بىر بېيىتىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى-
دىن ئىبارەت ئومۇملاشقان بىر ئۇسلۇب ئىدى ھەمدە بۇ
سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى جەھەتتە قىيىن بولۇ-
شىغا دىققەت قىلىناتتى.

شەكىلنىڭ پەۋقۇلئاددە قىيىنلىقى سەۋەبىدىن، بۇنى
شېئىر سەنئىتىنىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى ۋە زېھىن خورىتىد-
غان ئويۇننىڭ بارلىق ئىنچىكە نۇقتىلىرىنى بىلىدىغان
تەجرىبە ئىگىلىرىلا ئوقۇيالايتتى. مەلۇمكى، بۇ ئەدەبىيات
ناھايىتى تار بىر مۇھىت ئۈچۈن يارىتىلدى. ئۇنىڭدا كەڭ
ئاۋامنىڭ پىكىرلىرىگە ئېتىبار بەرمەسلىك خاھىشى بار
ئىدى.

بۇرۇنقى ئەنئەنىدىن ئايرىلماي «يېڭى پارسچە»
نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەدەبىي تىل شائىر ۋە يازغۇ-
چىلارنىڭ كۆپچىلىكى قوللىنىدىغان بىر تىل ئىدى. بۇ
تىلنى بۇخارا ۋە سەمەرقەندتە 10 - ئەسىردىكى ئىران شا-
ئىرلىرى ئالاھىدە بىر شەكىلدە پىششىقلىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە ئاق دېڭىز ساھىللىرىدىن
گەنجگە قەدەر بولغان كەڭ رايونلاردا ھۆكۈمرانلىقنى
داۋام قىلدۇردى. 500 يىل جەريانىدا سابىق ئەرەب خەلى-
پىلىكىگە مەنسۇپ بولغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا قالغان
ھەر بىر زىيالىينىڭ بۇ تىلنى پىششىق بىلىشى زۆرۈرىيەتكە
ئايلاندى. چۈنكى، بۇ تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرلۈك
خەلقلەر ئىشتىراك قىلىپ، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ مىللىي قىم-
مەتلىرىنى قوشقانىدى.

11 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ تىل بىلەن بىرلىك-
تە تۈركىي تىلىنىڭمۇ ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلىشقا
باشلىغانلىقى كۆرۈلدى. 1069 - ، 1070 - يىللىرى قەشقەر-
دە بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتادغۇبىلىگ»
ناملىق بىر شېئىرىي ئەسەرنى يازدى. 12 - ئەسىرنىڭ ئوت-
تۇرىلىرىدا شەيخ ئەھمەد يەسەۋى ئارال ۋە ھازار دېڭىزى-
نىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاھالىگە تۈركىي تىلى بىلەن
خىتاب قىلىشقا تىرىشتى. قىپچاق تىلىدىكى ئەدەبىياتنىڭ
تەرەققىياتى ئالتۇن ئوردىنىڭ مەركىزىي سارايىدا (14 -
ئەسىردە) ۋۇجۇدقا كەلدى. موڭغۇل ئىشغالىيىتى ئىران
ئارىستوكراتلىرىغا ئېغىر بىر زەربە بولدى. ئىراننىڭ
ئىشغال قىلىنىشى بىلەن پارسچىنىڭ نوپۇزىمۇ تەۋرەپ
كەتتى. لېكىن، تۈركىي تىلىدىكى ھەر قانداق بىر شۇنىڭ
پارسچىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز
ئېچىش يەنىلا قىيىن ئىدى. تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرنىڭ
ئۆز تىلىنىڭ پارسچىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى
ۋە ئۇنى پارسچە بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە قىلىشى
ئۈچۈن بارلىق قەدىمىي ئەدەبىي ئەنئەنىلەرنى چۈشىنىشى
زۆرۈر بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىنىمۇ شۇنداق دەرى-
جىدە ئىگىلىشى، يەنى ئۇنىڭ بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر
شەكىل جەھەتتىن ئىران ئەدەبىياتىدىن تۆۋەن تۇرمايدى-
غان ھالەتتە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ دەۋردىكى ئىران
ئەدەبىياتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق
ۋە شائىرلارنىڭ بىر مۇنچىسىنىڭ ئەدەبىي قۇدرىتىنى
تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا
(ئىران ئەدەبىياتىغا - ت) بېغىشلىغانلىقىنى ئەسلەيدىغان
بولساق، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنىڭ ئومۇمەن
مۇمكىن ئەمەسلىكى ھېس قىلىنىدۇ.

ھالبۇكى، دەۋر بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى كۈ-
تەتتى. ھۆكۈمدارلارمۇ مۇشۇنى مەقسەت قىلاتتى. 11 - ،
12 - ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق ئارىستوكراتلارنىڭ

ۋەكىللىرى بولغان غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقلار ئەدەبىي نە-
تىجىلىرىنى ئادەت بويىچە يا پارسچە، يا ئەرەبچە يازدى.
ھالبۇكى، كۆپىنچىسى ئەدەبىي قابىلىيەتكە ئىگە تىمۇرىيلار
ھۆكۈمدارلىرى ئەمەلىيەتتە نەزەرىنى تۈركىي تىلغا بۇرد-
دى. بۇ تىلنى قوللانغانلاردىن «نامەئى ئىشقى» نى
يازغان تىمۇرنىڭ نەۋرىسى سەييد ئەھمەدنى، ھىندىستان-
دىكى بۈيۈك موغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە
لىرىك شېئىرلاردىن ياخشى بىر دىۋاننى، ناھايىتى قىزىقار-
لىق، تەرتىپلىك ۋە ئوچۇق بىر تىل بىلەن «بابۇرنامە»
ناملىق خاتىرىنى يازغان ئىمپېراتور بابۇر (1482 ــ
1530) نى ۋە «ھۈسەيىن» دېگەن تەخەللۇس ئاستىدىكى
لىرىك شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىۋانىنىڭ ئاپتورى
سۇلتان ھۈسەيىننى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. دۆلەت تەرىپى-
دىن رىغبەتلەندۈرۈلگەن شائىرلارمۇ ئەمدى ھۈنىرىنى
پارسچىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەدەبىياتىدا قوللىنىشقا تى-
رىشتى. بۇ ساھەدە ئەمىرى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى
(1395 ــ 1492) ۋە باشقا سەنئەتكارلار ئۇتۇق قازاندى.

شائىرلارنىڭ بۇ ئۇتۇقلىرى بىلەن مەسىلە ھەل
بولدى دېگىلى بولمايتتى. قابىلىيەتلىك، ئەمما بىلىمى يۇ-
زەكىي بولغان ھۆكۈمدار ھەۋەسكار ئۈچۈن بۇ قەدەر
زور مەسىلە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ سىرتىدىكى بىر نەۋايى شە-
كلىدە ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ دانا شائىر پەۋقۇلئاددە قابى-
لىيەتلىك بولۇشتىن سىرت، ھەقىقىي بىر ئالىمنىڭ قۇدرىتى-
گە ئىگە ئىدى، تۈركىي تىلنىڭ ئەتراپلىق ئۆگە-
نىلىشى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى ئۇزاق مەزگىللىك
تەتقىقاتىدىن كېيىن تۈركىي تىلنى قوللىنىش ئىم-
كانىيىتىنىڭ ئايدىڭلىشىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى
چۈشەندى. تىل ھەققىدىكى ئەستايىدىل تەتقىقات-
لىرى ئارقىلىق بۇ تىلنىڭ بايلىقى ۋە ئوچۇقلۇقى
بىلەن پارسچىدىن تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ
يەتكىنىدەك، ياخشى قوللىنىلسا تېخىمۇ چوڭ ئىم-
كانىيەتنىڭ يارىتىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.
ئۇ ئەسلىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تەييارلىقنى
بارلىق قەدىمىي ئەدەبىي خەزىنىلەرنى ۋە ئىران
ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل ئادەتلىرىنى ياخشى ئۆگە-
نىشتىن باشلىدى. پارسچە ئۆگەنگەنلىكىنى ئۇنىڭ
پارسچە يازغان دىۋان (لىرىك شېئىرلىرى توپلان-
غان)دىن بىلىمىز. ئۇنىڭدا «فانى» تەخەللۇسىنى قوللان-
دى. «نەۋايى» دېگەن نامنى ئانا تىلدا يازغان شېئىرلى-
رىدا ئىشلەتتى.

كېيىنچە پارسچە شېئىرلارنىڭ شەكلىنى ئانا تىلدا
تەدبىقلاشقا باشلىدى. نەۋايىنىڭ تۇنجى دىۋانى 24 ياش
ۋاقتىدا، يەنى 1465 - ، 1466 - يىللاردا ئاخىرقى شەكلىنى
ئالدى. لېكىن، ئۇ لىرىك شېئىرلارنى يېزىشنى قېرىغىچە
داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ تۆت لىرىك دىۋانى ھاياتىنىڭ
پۈتۈن دەۋرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى «مەجالى-
سۇن - نەفائىس» تە ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ ئەسەردە
تۈرلۈك شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن سۆز ئېچى-
لىدۇ. بۇ ئەسەرگە جامى ۋە باشقا ئىككى شائىرنىڭ ھايا-
تىنى تونۇشتۇرىدىغان ئۈچ پارچە كىچىك ئەدەبىي مونو-
گىرافىيەمۇ قوشۇلغان.

تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر نەزەرىيەلىرى دىققەتنى
تارتىدۇ. بۇ «مۇھاكىمەتۇل ــ لۇغەتەيىن» دىكى ۋەزىن،
شېئىر ۋە تېپىشماق تۈزۈش ھەققىدىكى كىچىك تەتقىقاتلى-
رىدا ئۇچرايدۇ. بىر مۇنچە ئەسەرلىرى تارىخىي تەتقىقات-
لارغا، ئىراننىڭ قەدىمكى ھۆكۈمدارلىرى، پەيغەمبەرلەر
ۋە مەشھۇر تەسەۋۋۇپ شەيخلىرىگە بېغىشلاندى.

1483 ــ 1485 - يىللاردا يازغان ئالتە چوڭ شېئى-
رىي ئەسىرى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى سۈپىتىدە قوبۇل
قىلىنىدۇ. بۇلار پەلسەپۋى بىر تېمىدىكى «ھەيراتۇل ــ



ئەبرار»، مەجنۇننىڭ تىراگېدىيەلىك مۇھەببىتىنى ھېكايە
قىلىدىغان «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «فەرھاد ۋە شىرىن»،
ساسانى ھۆكۈمدارى بەھرام گۇرنىڭ ۋەقەلىكىنى تەسۋىر
لەيدىغان «ھەفت پەيكەر»، «سەددى ئىسكەندەر» ياكى
ماكدونىيەلىك ئىسكەندەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە «لىسانۇت-
تەير» ناملىق ئاللېگورىك نەزمە قاتارلىقلاردۇر.

بۇ قىسقا ماقالىدە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلى-
كى ھەققىدە توختالمايمىز. ئەسەرلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ تېمىلار ئۈستىدە توخ-
تالغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەن، دەۋرىنىڭ
ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇت تۈرلەرنىڭ بۇ تىزىملىكتە كۆرۈل-
گەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن. بۇ ھال بىر تاسادىپىيلىقنىڭ
مەھسۇلى ئەمەس. بۇ نەۋايىنىڭ تامامەن ئاڭلىق ھالدا رە-
قىپلىرى بىلەن ھەر ساھەدە كۈرەش قىلىشقا تەييارلانغانلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ. نەۋايى نۆۋەت بىلەن بارلىق ئەدەبىي
تۈرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئانا تىلىنىڭ مەجازىي ئىپادى-
لەرنىڭ ئەڭ نازۇك بەلگىلىرىنىمۇ ئىلمىي بىر تىل سۈپىتى-
دە قوللىنىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. نەۋايىنىڭ
ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئالدى بىلەن بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە
ئالتە پارچە ئەسەرنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ پارىسچە يازغان شې-
ئىرىي ئەسەرلىرىگە نەزىرە تەشكىل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈ-
شىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى بەش پارچە شېئى-
رىي ئەسەر بۈيۈك ئەزەرى شائىرى نىزامىنىڭ مەشھۇر
«خەمسە» سىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنىڭ قايتا قولغا ئېلىنى-
شىدۇر. كېيىنكى بىر پارچە شېئىرىي ئەسىرىمۇ تەسەۋۋۇپ-
چى شائىر فەرىدەددىن ئەتتار (1119 ـــ 1230) نىڭ
«مەنتىقۇت-تەير» دېگەن ئەسىرىگە يازغان بىر نەزىرى-
دۇر.

بۇ خىل نەزىرەلەرنى يېزىش غەربىي ئاسىيادا كەڭ
تارقالغان بىر ئادەت ئىدى. بۇ تۈرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپى-
سى مۇنداق: شائىر ئالدىنقىلارنىڭ تېمىسىنى قولغا ئېلىپ،
ئەسلىي قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى ۋە تېمىنىڭ تەرەققىيات
جەريانىدىكى بەزى مۇقىم نۇقتىلارنى ئەينەن ساقلاپ،
پەقەت ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تەرەققىياتى، قەھرى-
مانلارنىڭ ھەر قانداق بىر پائالىيىتىنىڭ بايانى ۋە ۋەقە-
لەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئۆز قارىشى
بويىچە يازىدۇ. بۇ ئالدىنقىلار بىلەن بولغان بىر خىل
بەسلىشىشتۇر. ئوقۇرمەن (نەزىرە يېزىلغان ئەسەرنى
بىلگەن تەقدىردە) ئەسەرنىڭ نەتىجىسىنى ئالدىن بىلىدۇ،
ئوقۇغاندا تېمىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ھەۋەس
قىلماي، بەلكى مۇئەللىپنىڭ ئۇنى قانداق شەكىلدە يېشى-
دىغانلىقىغا، قەھرىمانىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى قانداق ئو-
رۇنلاشتۇرىدىغانلىقىغا قىزىقىدۇ. شېئىرىي ئەسەرنىڭ نامى
ئەسلىدىكىسىنىڭ نامىدىن باشقىچىرەك بىر شەكىلدە قويۇ-
لىدۇ. ۋەزىنىنى تەكرارلايدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر خىل
قاپىيەدە بولىدۇ.

نەۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا بۇ خىل ئە-
جادىيەت ئۇسۇلىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. غەرب شەرق-
شۇناسلىرى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نىزامىنىڭ «خەمسە»-
سى بىلەن تېما جەھەتتىن ئوخشاشلىقىغا ئاساسلىنىپلا نەۋا-
يىنىڭ ئارىگىنال تەرىپىنىڭ بولمىغانلىقىنى ۋە پارىسچىدىن
تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلە بۇ شە-
كىلدە قولغا ئېلىنسا، نەۋايىنىڭ دوستى جامىنىڭ ئەسەرلى-
رىگە نېمە دېيىش كېرەك؟ چۈنكى، ئۇمۇ نىزامىنىڭ ئە-
سەرلىرىگە نەزىرە يازغان ھەمدە بۇنى پارىسچە يازغان.
يەنى بۇ بىر ئەسەرنى پارىسچىدىن پارىسچىغا تەرجىمە قىل-
غاندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ...

ئىككى ئەسەرنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىقىنى بېكىتىش
ئۈچۈن ئۇلارنى ناھايىتى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش كېرەك.
ھالبۇكى، غەربىي ياۋروپا ئىلىم ساھەسى بۇنىڭ بىلەن
مەشغۇل بولۇشنى خالىمايدۇ. شەرق ئەدەبىياتى ئومۇمەن
چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا،
كۆپ توختىلىشقا تېگىشلىك بولغان نەۋايىمۇ ئىلىم ساھەسى-
نىڭ نەزىرىدىن يىراقتا قالدى. نەۋايىنىڭ ھەر خىل ئەسەر-
لىرىدىن ھېچ قايسىسىنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر ئىلمىي-تەن-
قىدىي شەكىلدە نەشر قىلىنماسلىقى بۇنى تەستىقلايدۇ. ھې-
لىمۇ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلار
ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ تاش باسمىسىدىن پايدىلانماقتا. ھالبۇ-
كى، ئۇلارنىڭ توغرىلىقى گۇمانلىقتۇر. لېكىن، ھازىر نەۋا-
يىنىڭ ھايات ۋاقتىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ئالاھىدە مىنياتۇر-
لار بىلەن بېزەلگەن مۇكەممەل قول يازمىلىرىنىڭ بىر
مۇنچىسىغا ئىگە كۇتۇپخانىلارنىڭ ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ
ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق نۇسخىسى نەشرگە تەييارلانماقتا.

كېيىنكى يىللاردىكى تەتقىقاتلار نەۋايى ئەسەرلىرىگە



تەرجىمە سۈپىتىدە قاراشنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى. شېئىرلىرىنىڭ نىزامى ۋە قىسمەن ھالدا نىزامىنىڭ دەسلەپكى تەقلىدچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋە پارسچە يازغان مەشھۇر ھىندى شائىرلىرىدىن ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325) نىڭ ئەسەرلىرىگە يېزىلغان نەزىرە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، بۇ ئەھۋالمۇ بىر تاسادىپىيلىق ھېسابلانمايدۇ. نەۋايى ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىغاندا، ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى شۈبھىسىزكى شەرقنىڭ ئەڭ بۈيۈك شائىرىنى ئۆزىگە رەقىب قىلىپ تاللىدى. نىزامىنىڭ ئىزىدىن ماڭغاندا، ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىشتىن قورقمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پارسچە ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىگە ئانا تىلى ئارقىلىق ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىشكە غەيرەت قىلدى.

نەۋايى بىلەن نىزامىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار نىزامى ئەسەرلىرىنىڭ نەۋايى ئۈچۈن ئىلھامدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېمىلىرىدىكى دوقۇرۇشلار ھەممىلا يەردە كۆرۈلمەيدۇ. نەۋايى دائىم نىزامىنىڭ مۇتىفلىرىنى بىر ئەسەردىن يەنە بىرىگە يۆتكەن كومپوزىتسىيەسىنى ۋە قەھرىمانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتكەن ھالەتتە ئۆتكۈزگەن. ئېھتىمال بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ مىسال بولىدىغىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «فەرھاد ۋە شىرىن» دۇر. بۇ ئەسەرنىڭ نىزامىنىڭ «خۇسراۋ ۋە شىرىن» ناملىق ئەسىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق.

نەۋايى ئۆزىمۇ ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇشۇ ھەقتە سۆز ئېچىش ئارقىلىق بۇنى تەستىقلىغان. لېكىن، تۈزۈلۈش جەھەتتە ئەسەر شۇ قەدەر پەرقلىقكى، باش قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسمى ئوخشىمىغان بولسا ئىككى ئەسەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەر قانداق بىر ئوقۇرمەننىڭ پەرق ئېتىشىگە ئىمكانىيەت يوق دېيەرلىك.

4

نىزامىنىڭ «خۇسراۋ ۋە شىرىن» دېگەن ئەسىرى 1181-يىلى يېزىلغان بولۇپ، 1191-يىلى قايتا تۈزىتىلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. ئاساسىي ۋەقەلىكى ئىران ھۆكۈمدارى پەرۋىز خۇسراۋ II (590 — 628) بىلەن گۈزەل مەلىكە شىرىننىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىدۇر. بۇ ئىراندا ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاسىدىن بۇرۇنمۇ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، 15-ئەسىردە ئىران سارايى يىلنامىلىرى (ساسانىيلارغا ئائىت) ئارىسىدا بۇ ھەقتىكى شەكلى نامەلۇم خاتىرە بار ئىدى. مانا شۇنداق قانۇنلاشقان ھېكايىلەردىن باشقا خەلق ئارىسىدا ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر مۇنچە ھېكايىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ھېكايىلەر شىرىننىڭ مەملىكىتى بولغان ئەرزاندا ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى، نىزامى «بەرەئە» ھېكايىسىنىڭ ساسانىي يىلنامىلىرىگە تايانغان فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى شەكلىدىن پەرقلىق بولغان بىر ۋارىيانتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نىزامى ئەسىرىگە تۇتۇش قىلىشتىن سەل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن تۇنجى ئايالى ئافاق ئەسىملىك گۈزەل قىپچاق دىدىكىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە تىرىشتى.

شائىرنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، شىرىن ئافاققا ئوخشىتىلىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىندى. نىزامى ئىككى چوڭ پسىخولوگىيەلىك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. يەنى ئىككى قەھرىمان شىرىننى سۆيىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى خۇسراۋدۇر. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن، جەسۇر، سارايىنىڭ پۈتۈن ئويۇنلىرىغا ماھىر، لېكىن يەڭگىلتەك، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، قارارسىز، كەسكىن بىر ئىش كۆرۈشتىن ھاياتنى ئۆز مەيلىچە ئۆتكۈزۈشنى

ئەۋزەل بىلىدىغان بىرىدۇر. خۇسراۋ بەكمۇ شەخسىيەت-
چى، ئويۇنخۇمار بولۇپ، مەقستىگە يېتەر-يەتمەيلا
بارلىق ئوتلۇق قەسەملىرىنى ئۇنتۇپ، يېڭى بىر مۇھەب-
بەت سەرگۈزەشتىلىرىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ.

يەنە بىر ئاشىق قەھرىمان فەرھادتۇر. ئۇ پەقەت بىر
ھۈنەرۋەن، يەنە كېلىپ ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ،
بۇ ساھەدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر توسالغۇ يوق.
قولىدىكى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە تەڭداشسىز ھۈنىرى ئۇنى
قاتتىق گىرانت تاشنى پارچىلاپ، تەبىئىي قىيادىن مۇكەم-
مەل بىر مىمارلىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق تەسراتلىرىنى يارد-
تىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. فەرھاد شېرىننى كۆرمەي
تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. شېرىن ئۇنى ئۆستەڭ قۇ-
رۇلۇشى ئۈچۈن سارايغا چاقىرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىغا
چىقماي، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆرۈشىدۇ. فەرھادنىڭ
مۇھەببىتى خۇسراۋنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. بىرسىگە
ئاشىق بولسا پۈتكۈل ئىرادىسى ۋە ئۆزىنى سۆيگۈنىگە
تاپشۇرىدۇ. ھېچقانداق مۇكاپاتقا ئېرىشمىسىمۇ، ئۆزى
ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ كۆيد-
دۈرۈشى ۋە ئازابى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل مۇكاپاتتۇر.
فەرھاد ئىش-ئەمگەكنىڭ شەخسلەندۈرۈلۈشى بولۇپ،
مىللەتنىڭ يېڭىلمەس كۈچىنى تەسۋىرلەيدىغان ھەيۋەتلىك
بىر ھەيكەلگە ئوخشايدۇ.

شېرىن فەرھادنىڭ سۆيگۈسىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا
ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ قەل-
بىنى پەقەت خۇسراۋغىلا تاپشۇرغاچقا، فەرھادنى سۆيۈشكە
ئامالسىز ئىدى. شېرىن خۇسراۋنىڭ بۇنىڭغا لايىق ئەمەس-
لىكىنى بىلىدۇ. خۇسراۋ ئىنسانىيلىق جەھەتتە فەرھاد بىلەن
سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان، ھەتتا نومۇسسىز بىر كىشى-
دۇر. شېرىن بەزىدە بۇ ھەرىكىتىدىن نومۇس قىلىپ
كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، ئۆزىنى يېڭەلمەيدۇ. مۇھەببەت
ئەقىل ۋە مەنتىقنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئەڭ مۇكەممەل ئا-
يالمۇ ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان بىر ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە
ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدۇ. شېرىن مۇمكىن بولغان ئىش-
لارنى قىلىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ ۋە قولغا كەلگەن بارلىق
ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ خۇسراۋنى ئۆزگەرتىشكە تىرىش-
دۇ. لېكىن، بۇ تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ.
خۇسراۋ يەنىلا ئويلانماي ئىش قىلىۋېرىدۇ. ئەمما، شېرىن-
نىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى ھەممىدىن غالىب كېلىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا خۇسراۋ ئۆزىنى پىدا قىلالاي-
دىغان بىر قەھرىمان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بو-
لىدۇ.

مۇھەببەت فەرھادقا كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. مۇ-
ھەببەتنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان
ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ. ئۇ بىستون تېغىدىن يول ئاچىدۇ.
تەبىئىيكى، ئۇنىڭ تۆرلۈك ھەرىكەتلىرى يەنىلا شېرىننى
خۇسراۋدىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ. ئەمگەكلىرىنىڭ پايدى-
سىز بولۇشىمۇ ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. لېكىن، خۇسراۋ
بۇنى بىلمەي، ئۇنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىدىن ئەندىشە
قىلىپ، ئۇنى يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن كۆزدىن يوقىتى-
دۇ.

نىزامىنىڭ ئەسەردىكى ئاساسىي مەقستى ئىككى
قەھرىماننىڭ روھىي كۈرىشىنى كۆرسىتىشتۇر. ئەڭ مۇھىم
مەركىزىي نۇقتا مۇشۇ يەردە. شۇ ۋەجىدىن نىزامى ئەسە-
رىدە دىئالوگقا كۆپ ئورۇن ئاجرىتىپ، قەھرىمانلارنىڭ
سۆھبەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. ئەسەردە كۆپ ئۇچرايدىغان
تاشقى كۆرۈنۈشلەر تازا رەڭدار بولمىسىمۇ، لېكىن ئاسا-
سىي بەلگىلىرى كۆرسىتىلگەن. فىردەۋسىنىڭ ئەسىرىدە
خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنى نىزامى كىشىلەر-
گە تونۇشلۇق نەرسىلەردىن سۆز ئېچىشنىڭ لازىمى يوق
دەپ قاراپ ئەسەرگە زادى كىرگۈزمىگەن.

نەۋايىنىڭ ئەسىرىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدا تاما-
مەن باشقىچە بىر كومپوزىتسىيە بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئالىم-
لىرىمىز خۇسراۋنىڭ تۆرلۈك شەكىلدىكى كۆرۈنۈشىنى بىر
قانچە قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى. نەۋايىنىڭ قەلىمىدىكى
خۇسراۋ قانخور، زومىگەر ۋە ياخشى تەرەپلىرى بولمىغان
بىر زالىم ھۆكۈمداردۇر. نەۋايى ھېچقانداق يەردە ئۇنىڭ
يېشىنى تىلغا ئالمايدۇ. لېكىن، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇ-
نى ئۇنىڭ نىزامىنىڭ ئەسىرىدىكىگە ئوخشاش ئەپسانىلەر-
دىكىدەك قامالاشقان بىر يىگىت بولماستىن، بەلكى قېرى،
ئويۇنغا ئامراق، ۋاقىتلىق ھەۋىسىنى قاندۇرۇشنىلا ئويد-
لايدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇ ھە-
ۋىسى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.
قان تۆكۈشتىن يانمايدۇ ۋە ھېچ ئىككىلەنمەيلا خائىنلىق
قىلىدۇ.

نەۋايىنىڭ قەلىمىدىكى فەرھادمۇ نىزامىنىڭكىگە

ئوخشىمايدۇ. بۇ تېمىدا ئۇ ئالدى بىلەن ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋىنىڭ ئەسىرىنى ئۆرنەك قىلدى. نەۋائىي فەرھادنى نىزامىغا ئوخشاش ئادەتتىكى بىر ھۈنەرۋەن ئەمەس، بەلكى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. يەنى، فەرھاد مەلۇم نۇقتىدىن مۇئەللىپ بىلەن بىر مىللەتتىن ئىدى. فەرھاد تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە بىر تىپىك ئەپسانىۋى شاھزادىدۇر. مەرتىۋىسىنىڭ ئۇنىڭغا ياراتقان پايدىلىق تەرەپلىرى قاتارىدا بىزنى 15-ئەسىردىكى ھىرات دەۋرىگە باشلايدىغان خۇسۇسىيەتمۇ ئۇنىڭدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىگە مۇھەببەت باغلىغان، بارلىق سەنئەت ۋە ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ سىرىنى ئىگىلەش ھەۋىسى كۈچلۈك بىر شەخستۇر. ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى، ھىرات شاھزادىلىرىدە ئاز ئۇچرايدىغان مىللەت سۆيگۈسى ۋە مىللەتنى ئازاب ۋە زۇلۇمدىن قوغداشقا تىرىشقانلىقىدۇر. فەرھاد خۇسراۋنىڭ قولىدىكى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى بىلسىمۇ، بۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. بىگۇناھ گۇندىپاينىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشىنى خالىمىغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. ھەتتا دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئارمىيىنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇلار ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئەربابلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

نەۋائىينىڭ فەرھاد ئارقىلىق ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى، كەڭ گۇمانىزم چۈشەنچىسىنى، جەبىر ۋە زۇلۇمغا قارشى نەپرىتىنى، سەنئەت ۋە ھۈنەر-كەسىپكە بولغان سۆيگۈسىنى ۋە چەكسىز ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى ئىپادە قىلغانلىقىغا شۈبھىلەنمەسلىك كېرەك. شۇڭا، نەۋائىي فەرھادنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كومپوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۆزىمۇ كىرىش سۆزدە تىلغا ئالغىنىدەك، باش قەھرىمانىنىڭ ھاياتىنى تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ يورۇتۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خۇسۇستا نىزامى ئۇنى ھېچقانداق بىر ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئەمەس. نىزامى فەرھادنىڭ شېرىنىنىڭ سارىيىدا پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن سۆز ئېچىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلمىغان. چۈنكى، فەرھاد ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت ۋەقەدە ئۇچرايدىغان بىر شەخستىن ئىبارەت ئىدى.

فەرھادنىڭ تارىخىنى يارىتىش ئۈچۈن نەۋائىي بىر مۇنچە فولكلور موتىفلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، چوڭ بىر ۋەقەلىكنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. سىرلىق ساندۇق، قەدىمكى ھېكمەتنى ئىزدەش سەپىرىدىكى تەۋەككۈلچىلىكلەر، ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىش، تەلەيسىز قەھرىمان بىلەن تۇتۇشۇش قاتارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بۆلەكتە سۆزلىنىدۇ. شائىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئازراقمۇ دىققىتىنىڭ چېچىلىشىغا ئىمكان قالدۇرمايدۇ.

مۇھەببەت تېمىسىمۇ تامامەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئادىيلا بىر ئىنسانىي ئىستەك بولماستىن، بەلكى فەرھادنى شەرقتىمۇ كۆپ تەرىپلەنگەن قەھرىمان مەجنۇن بىلەن تۇغقانچىلىققا ئىگە قىلغان ئالاھىدە بىر قۇدرەت ئىدى. نەۋائىينىڭ فەرھادى نىزامىنىڭ مەجنۇنىدۇر. لېكىن، ئۇ ئاكتىپ، مەقسىتى ئۈچۈن تىرىشىدىغان، سۆيگۈنى بىلەن ئۇچراشقاندا قۇدرىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇرىدىغان بىر كىشىدۇر.

نەۋائىينىڭ ئەسىرىدە فەرھادنىڭ ئۆزىنى بەزىدە ئەپسانىلەردىكى ئەرەب ئاشىقىغا ئوخشىتىشى تاسادىپىي ئەمەس. نىزامىنىڭ قەلىمىدىكى فەرھادنىڭ مەجنۇن بىلەن ئوخشايدىغان بەزى تەرەپلىرى بار. لېكىن ئۇنىڭغا ئائىت ۋەقە قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىشقا ئىمكانىيەت يوق.

نەۋائىيى قەلىمىدىكى شېرىننى نىزامىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نىزامىنىڭ ئەسىرىدىكى بۈيۈكلۈكىنى يوقاتقانلىقىنى بىلىمىز. شېرىن سۆيگۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئايال. ئۇ سۆيگۈنىگە سادىق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشقا تەييار. ئەمما، بۇ ئايال نىزامىنىڭكىگە ئوخشاش چوڭ رول ئوينىمايدۇ. ۋەقەلىكنىڭ كومپوزىتسىيەسىمۇ بۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت فەرھادنى سۆيىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ھەر قانداق بىر ئىختىلاپنى تۈگىتىشكە ۋە سۆيگۈنىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچى ئورۇندىكى شەخسلەرمۇ ئۆزگەرتىلگەن. نىزامىنىڭ ئەسىرىدىكى رەسسام شاپۇر فەرھادنىڭ ساۋاقدىشى بولسىمۇ، دەسلەپتە ئۇ خۇسراۋنىڭ ئادىمىدەك بىر ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. خۇسراۋ شېرىننىڭ بارلىقىنى شاپۇردىن ئۇقۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئاشىق بولىدۇ. كېيىن شاپۇر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول

ئوينايدۇ. ھەتتا نىيىتى تازا دۇرۇس بولمىغان خۇسراۋنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى خالىمىغان ھالدا ئورۇندايدۇ. ئۇ يەنىلا ئىشلارنى نەتىجىلىك تاماملاپ شىرىننى خۇسراۋ بىلەن توي قىلىشقا كۆندۈرىدۇ.

نەۋائىينىڭ ئەسىرىدە شاپۇر پەقەت فەرھادقا سادىق بولىدۇ. ئۇ فەرھاد يامان كۈنلەردە قالغاندا ياردەم قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدىغان بىر دوست. ئۇنىڭ بۇ شەكىلدە تەسۋىرلىنىشى ۋە رەسساملىق تەرىپىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇلغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. نىزامىنىڭ ئەسىرىدە ۋەقەلىك شاپۇرنىڭ شىرىننىڭ پورترېتىنى سىزغانلىقىدىن باشلىنىدۇ. ھالبۇكى، نەۋائىينىڭ ئەسىرىدە بۇنداق بىر باياننى بېرىشنىڭ لازىمى يوق ئىدى. ئەسەردە بۇ تەرەپتىن ئانچە-مۇنچە سۆز ئېچىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چوڭ ئەھمىيىتى يوق.

تەبىئەت تەسۋىرلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئۆزگەرتىلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ پەرقلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. نىزامى كۆپىنچە 12 - ئەسىرگە خاس بولغان باغ - گۈل - چېچەك (لېكىن ئېھتىياج يۈزىسىدىن ئەلخەرەك بوغىزنىڭ جانلىق تەسۋىرىگە ئوخشاش ئالاھىدە گۈزەل تەسۋىرلەرنىمۇ ياراتقان) قاتارلىق ھەر كىشى ياقتۇرىدىغان تېمىلارنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، نەۋائىينىڭ ئەسىرىدە ئاز تەسۋىرلەنگەن يېقىن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ تېمىلىرىدىكى تەسۋىرلەرنى ئالغان. بۇ بارۇك ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش كەسكىن زىتلىق بىلەن تولغان خىيالىي بىر تەبىئەتتۇر. قەھرىمانىنىڭ چاھار بېغىنىڭ ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىنىشى، چىن خاقانىنىڭ پىلوتىنىڭ دېڭىزغا يۈرۈش قىلىشى ۋە بورانىنىڭ تەسۋىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

يۇقىرىدا نەۋايى بىلەن نىزامى ئەسەرلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن كومپوزىتسىيە ۋە قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. ئومۇمەن، ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان ئوخشاشلىقلاردىن سۆز ئېچىشنىڭ چوڭ پەرقلەرنى كۆرسىتىشتىن خېلىلا ئاسان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئوخشاشلىقنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بولسا ئەسەرنىڭ ئەسلىي قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسمى، ئىككى قەھرىماننىڭ بىرلا ۋاقىتتا شىرىنگە ئاشىق بولۇشى ۋە فەرھاد بىلەن خۇسراۋنىڭ ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نەۋائىينىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ نىزامىنىڭ ئەسىرىدىن قىلىنغان بىر تەرجىمە ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرگەن شەرقشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ نەقەدەر ئىشەنچسىز بىر ئاساسقا تايانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. بۇ يەردىكى ئوخشاشلىق پەقەت ئەينى قەھرىمانغا ئائىت بىر تارىخىي ۋەقەلىكنى قولغا ئالغان ئىككى ئاپتورنىڭ (19 - ئەسىردىمۇ) ياراتقان ئوخشاشلىقىدىن ئىبارەتتۇر. مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ئۆزگەرتىلمىگەن، باشقا ۋەقەلەر بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلەندۈرۈلگەن.

«خۇسراۋ ۋە شىرىن» قەھرىمانلىقىغا ئىلھام بېرىدىغان ئاياللار مۇھەببىتىنىڭ مەدھىيەسىدۇر. ھالبۇكى، «فەرھاد ۋە شىرىن»دا ئەڭ مۇھىم بۆلەك ئۆزگەرتىلىپ، بارلىقىنى بېغىشلايدىغان، لېكىن ئۆزى ئۈچۈن ھېچنېمىنى كۈتمەيدىغان پىداكارلىق سۆيگۈسى فەرھادنىڭ ئوبرازىدا جانلاندۇرۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەردە نىزامىنىڭكىدە ئۇچرىمايدىغان سادىق دوستلۇق ئۇقۇمى بار.

نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، قايسى ئەسىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن. «خەمسە» دىكى بەش ئەسىرىمۇ ياخشى، لېكىن مەن بۇ يەردە تەرجىمىسى بېرىلگەن «فەرھاد ۋە شىرىن»نى ئوقۇرمەنلىرىمىز ھەممىسىدىن بەكرەك ياقتۇرىدۇ دەپ قارايمەن. ۋەقەلەرنىڭ مولluقى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆپ خىل تەسۋىرلەر، كومپوزىتسىيەسىنىڭ راۋانلىقى، فەرھادنىڭ جەلپكارلىقى... مانا بۇلار ئەسەرنىڭ شۇنچە ئۇزاق بولغىنىغا قارىماي، ئۇنى ئوتتۇرىدا ئۈزۈپ قويماي ئوقۇلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان.

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. مىليونلىغان ئىنسان مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە ئېرىشمەكتە. مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئىشتىياق بىلەن كۈرەش قىلغان بۈيۈك نەۋائىينى غەرب ۋە شەرق كىلاسسىكلىرىغا ئوخشاش ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر سۆيۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

(ئاپتور: ئۇرۇمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئەنئەنىۋى تائامىمىز «ژىت» توغرىسىدا

ئىسهاق مۇھەممەد








ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، تاماق مەدەنىيىتىمۇ بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم شارائىتىغا ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن نۇرغۇنلىغان تاماق ئېتىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى تاماقلارنى ئىجاد قىلغان. تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، قۇۋۋىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە، روھىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ بولۇشىغا، ئۆگىنىش، خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىمۇ نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى تاماقنىڭ تازىلىقىغا، تەملىك بولۇشىغا، تاماق ئارقىلىق مىجەزنى تەڭشەش، كېسەل داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. كېسەل ئەھۋالىغا ئاساسەن يېمەك-ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرىز تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە خىل كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەلنى يەڭگىللىتىش ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئۇيغۇر تائاملىرى تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، تەييارلاش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكىلىكى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەم ئوزۇقلۇق، ھەم دورىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئۆزىگە خاس قىممەت ياراتماقتا. بۈگۈنكى كۈندە بىر ۋارىسلىق قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ تۈرى 1000 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ ئېيتساق ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق، پارلاق

مەدەنىيەت ياراتقان، شۇنداقلا ئۆز تارىخى، تۆھپىلىرى
ئارقىلىق، ئۆزىگە خاس مىللىي پىسخىكا، تەن ھالىتىنى
شەكىللەندۈرگەن، ئىنسانىيەتكە ئەڭ كۆپ مەدەنىيەت
جەۋھەرلىرىنى قالدۇرغان تۆھپىكار مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بىز ئۇيغۇر تائاملىرى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى
مەلۇماتلارنى «ئوغۇزنامە»دە ئۇچرىتالايمىز.

بىز ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي
تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئەھۋالىدىن ۋاستىلىك
مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. دىۋاندا توقاچ، كۆۋشەك،
چوقمىن، كۆمەچ، سىنچۇ، پوسكەچ، كاكچى، تۇرمەك،
سارماچۇق، ئۇگرە، سوغۇت، سوقتۇ، تۇتماچ، قۇۋۇت،
توپىق، كۆرشەك، بولدۇنى، سۇرۇش، بۇلغاما، قوغۇر-
ماچ، بۇخسى، ياماتا، سىم سىرلىق، يازۇق قاتارلىق تاماق-
لار؛ قۇملاق، قىمىز، بۇخسۇم، ئاغارتقۇ قاتارلىق ئىچىم-
لىكلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. نان ۋە قاتلىمىدىن
15 تۈرلۈك، تائاملاردىن 22 تۈرلۈك، گۆش يېمەكلىكلە-
رىدىن سەككىز تۈرلۈك، مېۋىلەردىن 11 تۈرلۈك، ئىچىم-
لىكلەردىن 13 تۈرلۈك ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەردىن سې-
رىقماي، ھەسەل، سۈتتىن ياسىلىدىغان يېمەكلىكلەردىن
قۇرۇت، قايماق، دانلىق ئاشلىقلاردىن بۇغداي، ئارپا،
گۈرۈچ ۋە تېرىق قاتارلىقلار بايان قىلىنغان ۋە تىلغا ئې-
لىنغان.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دى-
ۋانى»دا 50تىن ئارتۇق تائامنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى ۋە نا-
منى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇر تائاملىرى چوڭ جەھەتتىن 50 خىلدىن،
ئۇششاق بۆلگەندە 1000 خىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھەر بىر
خىلنىڭ ئېتىش ھۈنەر - سەنئىتى ئىنچىكە، ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە ئىگە. مانا شۇ ھۈنەرگە دىققەت قىلىپ تۇ-
جۇپىلەپ، كۆڭۈل قويۇپ ئەتكەندىلا، ھەرقانداق تائام-
نى ئېغىزغا تېتىغۇدەك، قۇۋۋەتلىك قىلىپ تەييارلاپ چىققى-
لى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئېسىل تائاملارنى
ئېتىش رېتسېپلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھ-
مىيەت بېرىپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن
ئۇيغۇر ئۇزۇقلۇقشۇناس قوسقوي «شىپالىق تائاملار
دەستۇرى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئۇيغۇر تائام مە-
دەنىيىتىگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى كىتابتۇر. بۇ كىتاب ياپو-
نىيەدە نەشر قىلىنغان، 2006-يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە
نەشرىياتى تەرىپىدىن مەرىيەم ساقىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە
قىلدۇرۇپ نەشر قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلى خان زا-
مانىسدا تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكلە-
رى»دە شورپا، تالقان، ئۆتمەك قاتارلىق تائام تۈرلىرى
خاتىرىلەنگەن، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە
تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تە چۆچۈرىنىڭ
بىر نەچچە تۈرى، ناننىڭ ئون نەچچە تۈرى ۋە باشقا تا-
ئاملار تونۇشتۇرۇلغان. 1985-يىلى شىنجاڭ خەلق نەش-
رىياتى نەشر قىلغان توختىباقى روزىباقى ئاپتورلۇقىدىكى
«ئۇيغۇر تاماقلىرى» دېگەن كىتابتا 300 خىلدىن ئارتۇق
تاماق تۈرى، تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خۇرۇچى قاتارلىقلار
تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، 1994-يىلى قازاقىستاندا رۇس
تىلىدا رەھىمجان ئوشۇرۇف ئاپتورلۇقىدا «ئۇيغۇر تائاملى-
رى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 840
خىل تاماق تۈرى تونۇشتۇرۇلغان. ھازىر ئۇيغۇر تائامل-
رى، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى، تەييارلىنىش ئۇسۇلىغا دائىر
30 پارچىغا يېقىن كىتاب نەشر قىلىندى. ۋەلى كېرەم كۆك
ئالىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تائاملار قامۇسى»
بۇ جەھەتتىكى زور ھەجىملىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، بۇ كى-
تابتا 1000 خىلدىن ئارتۇق تاماق تۈرى تونۇشتۇرۇلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردە رايونىمىزدا ئىل-
گىرى ئۆلۈم-يېتىم، مەرىكىلەردە ئېتىلىپ كەلگەن
«ژىت»تىن ئىبارەت ئالاھىدە تائامىمىز تونۇشتۇرۇلمى-
غان.

تۆۋەندە مەن بۇ تائامنى تەييارلاش ئۇسۇلىنى قىس-
قىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

خۇرۇچلىرى: بۇغداي ئۇنى، ئۆسۈملۈك مېيى،
جىگدە مېۋىسى، قايناق سۇ.

تەييارلاش ئۇسۇلى:

خېمىرنى يۇغۇرغاندا چۆپىنىڭ ياكى گۆشنانىنىڭ خېمى-
رىدەك بوشراق يۇغۇرىمىز، خېمىرنىڭ يېنىش ئەھۋالىغا
قاراپ ياكى ئازراق تىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ياپىلاقلاپ،
بولاق مانتىنىڭ خېمىرىدەك كىچىك زۇۋۇلا قىلىپ ئۈزى-
مىز، خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق مىق-
داردىكى جىگدىنى پاكىز يۇيۇپ، قايىنتىپ، ئۇرۇقىنى
سۈزۈۋېلىپ شەربەت تەييارلايمىز (جىگدىنىڭ مىقدارى

نىسبەتەن ئازراق ياكى تەمى تازا ياخشى چىقمىسا ئازراق شېكەر ئارىلاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ)، زۇۋۇلىنى پوزىلاپ، نېپىز يېيىپ قۇرۇق قازانغا سېلىپ ئالدى. كەينىنى پىشۇرۇپ بىر تۇركۇم قۇرۇق ژىتنى تەييارلىۋالىمىز، بۇ ئادەتتە چېپىت دەپ ئاتىلىدۇ. نىسبەتەن كىچىكرەك بولىدۇ. ئاندىن يەنە بىر گۇرۇپپا ژىتنى ياغدا پىشۇرۇپ قازاندىن ئېلىپ رەتلىك تىزىۋالىمىز، ئاستىغا قۇرۇق پىشۇرۇلغان ژىتنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغدا پىشۇرۇلغان ژىتنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە جىگدە شەربىتىنى چېچىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قاتلاپ، مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلاپ قويىمىز، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا نانىنىڭ ئۈستىگە ياكى پەتنۇسقا سېلىپ ئېپچىقىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىمىز. پەتلەپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىر نەچچىسى بىر بولۇپ، ئېھتىياجىغا ئاساسەن كېسىپ ئېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭلۇقى ئادەتتە چوڭراق يېيىلغان ئۆي نانلىرىچىلىك كېلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇغداي ئۇنى، ئۆسۈملۈك مېيى، جىگدە مېۋىسى قاتارلىق تەبىئىي خۇرۇچلار خام ئەشيا قىلىنىپ، نېپىز يېيىپ پىشۇرۇلغاچقا، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز ئۆلۈم-يېتىم بولغان ئائىلىلەردە ئازنا ئاخشىمى، پەيشەنبە، 40 نەزىرىسى كۈنلىرىدە ئۇرۇق-تۇغقانلار، جامائەت، مەھەللە كىشىلىرى، قوشنىلار پەتىلەپ كىرگەندە قوناق، بۇغداي تائاملىرىدىن باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئاز بولغان شارائىتتا، ژىتنى مۇھىم تائاملار قاتارىدا ئېتىپ كەلگەن.

نۆۋەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىش، ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئۆلۈم-يېتىم، مەرىكىلەردە كۆپلەپ مېھمان چاقىرىلىش، پولۇ قاتارلىق تائاملارنىڭ تەييارلىنىشى بىلەن ژىتنىن ئىبارەت بۇ تائامنى ئېتىش ئاساسەن يوقىلىۋاتقان بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يېزا-قىشلاقلاردا يەنىلا ئېتىلىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتا يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلىشىمىز، يوقىلىۋاتقان تائاملىرىمىزنى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېز تاماقخانا زەنجىرسىمان ئاشخانىلار ۋە كوللېكتىپ مەرىكە، مۇراسىم سورۇنلىرى ئارقىلىق بېيىتىپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى، تەرەققىي قىلىش دولقۇنىدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن جۇلالاندۇرۇشقا تىرىشىشىمىز، بىر قىسىم ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى نورۇز، قۇربان ھېيت قاتارلىق ئەنئەنىۋى بايراملار، خاتىرە كۈنلەردە جۇلالاندۇرۇپ، بالىلىرىمىزغا كۆرسىتىپ، ھازىرقى دەۋردىكى تائام مەدەنىيىتىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلار، تاماق رىسالىلىرى ۋە ئاشپەز تەربىيەلەش كۇرسلىرىدا تەربىيەلىنىش مەزمۇنلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشىمىز لازىم.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008-يىلى 10-ئاي يېڭى نەشرى، ۋەلى كېرەم كۆك ئالىپ «ئۇيغۇر تائاملار قامۇسى» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2007-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى.

شېرىپ خۇشتار، ئابدۇكېرەم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993-يىلى 1-نەشرى.

توختىباقى روزىباقى «ئۇيغۇر تائاملىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىلى 1-نەشرى.

ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى 1-نەشرى.


(ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا قايىراق ئوتتۇرا مەكتەپتە)


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىدىن 2009-يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017





# نان يېقش ۋە ئۇنڭدا ئشلتلدىغان قورال ـ سايمانلار

شاۋكەت ئىلاخۇن

## 1. مۇقەددىمە

نان ـــ ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان
ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ناننىڭ ئىززۇقلۇق ۋە ئىستېمال قىممىتى
يۇقىرى. شېرىن قۇربان ئەپەندى «نان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە
«نان ـــ شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى-
دا نان شۇ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەنكى، ھەتتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر
قاتلىمىدا ‹نان مەدەنىيىتى› شەكىللەنگەن» ①. شېرىن قۇربان ئەپەندى تاجىكلار
بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى مىللەتنىڭ نان
مەدەنىيىتىدە بەزى ئورتاقلىق ـ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنىڭ بارلىق-
نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ پەرقلەرنى بايان قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ:
«... ئۇيغۇرلاردا نان ئاللىبۇرۇن ئۆيدىن بازارغا يۈزلەنگەن
بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەم ئىستېمال قىممىتىگە، ھەم
بازار قىممىتىگە ئايلانغان. نان بازار ئېگىلىكى تەركىبىگە كىرگەنلى-
كى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلاردا نانچىلىق ماھارىتى رىقابىتى شەكىللىنىپ،
نانچىلىق سۈپىتى ۋە دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن» ②. بىز بۇ
يەردە شېرىن قۇربان ئەپەندىنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيەسىدىن سۆيۈن-
مەي تۇرالمايمىز. شۇنداق، ئۇيغۇر نانلىرى ھەقىقەتەن بازارغا يۈز-
لەندى. ئەمما، شۇنچە كۆپ نان تۈرلىرى ئىچىدە بازارغا يۈزلىنەلى-
گەنلىرى بەك ئاز. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەرخىل نۇقتىلاردىن ئىزدەپ
بېقىش مۇمكىن. مەسىلەن، ھەمەك (خوتەن دىيالېكتىكىدا «كاكچا»
دېيىلىدۇ) نان ئۇيغۇر نانلىرى ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىش تارىخى
ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى. ئۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىمۇ تىلغا ئې-
لىنغان. ئەمما، بۇ نان بازارغا يۈزلىنەلمىگەن. بىرى، بۇ نان نېپىز،
چۈرۈك بولغاچقا، ئاسان ئۇشتۇلۇپ، سۇنۇپ كېتىدۇ. يەنە بىرى،
ئادەتتىكى نانلاردىن چوڭ بولغاچقا، كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ئەپسىز،
ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نانلىرىنىڭ شەكلى ۋە خۇ-



روُچلىرىدا بـەلگىلىك دەرىجىدە پـەرق بـار. مـەسىلەن،
توُرپان، قوموُللارىنىڭ نانلىرى قىلىن يېقىلىدوُ. بوُنداق بو-
لوُشى ئوُلارنىڭ جوُغراپىيەلىك شارائىتى ۋە ھاۋا كىلىماتى
بىلەن موُناسىۋەتلىك. ئەگەر بوُ جايلاردا نان نېپىز، يوُپقا
يېقىلسا ئاسانلا قېتىپ قېلىپ ئىستېمال قىلىشقا بىئەپ بولى-
دوُ. كەسپىي ناۋايلار بازاردا سېتىش ئوُچوُن ياققان نـانلار
ئوُيدە يېقىلغان نانلاردىن «بازار نېنى» دېگەن نام بـىلەن
پـەرقلەندوُروُلىدوُ. ئـوُيغوُر نـان مـەدەنىيىتى تـەتقىقاتىدا،
ھـەرقايسى يـوُرتلارنىڭ نـانلىرى ئـوتتوُرىسىدىكى پـەرققە
دىققەت قىلىش بىلەن بىللە، شەھەر، بازارلاردىكى كـەسىپ-
لەشكەن ناۋايچىلىق بىلەن يېزا-قىشلاقلاردىكى نـاتوُرال
نان يېقىش ۋە ئىستېمال قىلىش ئـادەتلىرىنىڭ پـەرقىگىموُ
دىققەت قىلىش كېرەك. ئوُيغوُرلاردا شەھەر، بازارلاردا تى-
جارەت قىلىدىغان سودىگەرلەر، ئېلىپ-ساتارلار، ھوُنەر-
گەرلەر يوُقىرى ئاۋازدا توۋلاپ ئوُزىنىڭ تـاۋار مـاللىرىنى
ماختاپ، تەرىپلەپ خېرىدار چاقىرىشقا ئادەتلەنگەن. جوُمە-
لىدىن، ناۋايلارموُ شوُنداق. ئوُيغوُرلاردىكى «نېنى كىچىك
ناۋاي بەك توۋلايدوُ» دېگەن ماقالموُ بـوُنى دەلىللەيدوُ.
ئەمما، يېزىلاردىكى ئوُيلەردە نان ياققاندا بوُنداق خېرى-
دار چاقىرىش سوُزلىرىنىڭ ھاجىتى يوق. يېزا-سەھرالاردا،
ئوچاق، تونوُرلارغا ناننى ئاساسەن ئاياللار ياقسا، شەھەر
-بازارلاردىكى ناۋايخانىلاردا ناننى ئـەرلەر يـاقىدوُ. موُنى-
داقچە ئېيتقاندا بوُ شەھەر، بازارلاردىكى ناۋايچىلىق بىلەن
يېزا-سەھرالاردىكى نان يېقىش پائالىيىتىدىكى ئەر-ئـايال-
لار ئىش تەقسىماتىدىكى پەرقتوُر. ئەگەر بوُ پەرقلەر نـان
مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت مـاقالە-ئـەسەرلەردە سوُزلەنمىسە،
پەقەت شەھەرلەردىلا ياشاپ، ئوُيغوُر يېزىلىرىنىڭ تـوُرموُ-
شىنى كوُرمىگەن بـاشقا مىللەتلەر «ئـوُيغوُرلاردا نـاننى
پـەقەت ئـەرلەر يـېقىپ، ئـاياللار يـاقمايدىغان ئـوخشايدوُ
ياكى ئوُيغوُر ئـاياللىرى نـان يـېقىشنى بـىلمىسە كېرەك»،
دېگەن خاتا توُنوُشتا بولوُپ قېلىشى موُمكىن. گەرچە ئـوُي-
غوُرلارنىڭ نـان ۋە نـان ئـىستېمال مـەدەنىيىتى ھـەققىدە
كوُپلىگەن تـەتقىقات ۋە ئـىزدىنىشلەر بولغان بـولسىموُ،
لېكىن ئوُلارنىڭ كوُپىنچىسىدە نـان يـېقىشتا ئـىشلىتىدىغان
قورال-سايمانلار، نان يېقىشنىڭ ئالدى-كـەينىدىكى تـەي-
يارلىق باسقوُچلىرى، ھەرقايسى يوُرتلار ۋە شەھەر-يېزى-
لاردىكى نـان يـېقىش ئـىشى بـىلەن يېزا-سەھرالاردىكى
يېقىش ئىشىنىڭ پەرقىگە ئـانچە كوُپ ئـېتىبار بېرىلمىدى.
نـان يـېقىشتا ئـىشلىتىدىغان قـورال-سـايمانلار ئـوچاق،
تـونـوُر، سوُپـوُر (سـوُپرا)، ئـەمبەل، نوغـوُچ، توُكـوُچ
(چەككوُچ)، گەزنە، يەلىڭ، لاخشىگىر، پەشخون... قاتارلىق-
لار بولوُپ، بـوُ قـورال-سايمانلارنىڭ ئـىخترا قـىلىنىشى،
ئـىشلىتىلىش ئـوُسـوُلى ئـاددىي ۋە ئـەپلىك. ئـوُيغـوُرلار:
«ئـىش قـورالىڭ ساز بـولسا، موُشەققىتىڭ ئـاز بـولار»،
دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئوُزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش توُرموُ-
شىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان قورال-ساي-
مانلارنىڭ كىچىك، ئەپچىل، چاققان، چىرايلىق بـولوُشىغا
ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مەخسوُس نـان يـاققوُ-
چى ياكى نان يېقىپ سېتىش بـىلەن تـىرىكچىلىك قـىلغوُچى
كىشىلەر «نـاۋاي» دەپ ئـاتالسا، مـەخسوُس نـان يـېقىش
ھەمدە نان يېقىپ سېتىش كەسپى «ناۋايلىق» دەپ ئاتىلى-
دوُ. ئـائىلىلەردە نـاننى ئـاساسەن قىز-ئـاياللار، بـولوُپموُ
ئانىلار ياقىدوُ. لـېكىن ئـوُلار «نـاۋاي» دەپ ئـاتالمايدوُ.
دېمەك، بوُ ئاتالغوُنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن «ناۋايلىق»نىڭ ئا-
دەتتىكى ئوُيدە نان يېقىپ يېيىشتىن، كەسكىن تـوُردە ئـاي-
رىلىپ بىر كەسىپ بولوُپ شەكىللەنگەنلىكى مەلوُم بولىدوُ.
نـاۋايلىقنىڭ كـەسىپلىشىشى نـان يـېقىشتا ئـىشلىتىلىدىغان
قورال-سايمانلارنىڭ ئاددىيلىقتىن موُرەككەپلىككە، قوپال-
لىقتىن نەپىسلىككە، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قـاراپ تـەرەققىي
قىلىشىغا موُئەييەن دەرىجىدە توُرتكە بـولدى. بـوُ مـاقالى-
مىزدە ناۋايلىق كەسپى ھەققىدە ئەمەس بەلكى ئـوُيلەردى-
كى، ئائىلىلەردىكى نان يېقىش ئادىتى ۋە نان ئـىستېمالىغا
موُناسىۋەتلىك ئادەتلەر ھەققىدىلا توختىلىمىز.

**1. ئوُيغوُرلاردىكى نان ھەققىدىكى تەتقىقاتلار**

ئوُيغوُر مەدەنىيىتى ھـەققىدىكى تـەتقىقاتلارنىڭ كـەڭ
قانات يېيىشى ۋە چوڭقوُرلىشىشىغا ئـەگىشىپ، ئـوُيغوُرلار-
نىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، بولوُپموُ نان ۋە نان مە-
دەنىيىتى ھەققىدە بـەزى تـەتقىقاتلار قـانات يـايدوُروُلدى.
موُرات ئەزىزى «مەدەنىيەت ئىنسانشوُناسلىقى نوُقتىسىدىن
‹دىۋانوُ لوُغەتىت توُرك›دىكى نـان مـەدەنىيىتىمىزگە دائىـر
بايانلار ئوُستىدە موُلاھىزە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقاتى»، 2006-يىل 1-سان) ناملىق مـاقالىسىدە «دى-
ۋانوُ لوُغەتىت توُرك»دىكى نانغا ئائىت خـاتىرىلەرنى چوُ-
رىدەپ نان مەدەنىيىتىنىڭ ئـىجتىمائىي ۋە تـارىخىي ئـارقا
كوُروُنوُشلىرى، ئوُنىڭ موُھىت، ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئادەت-
لىرى ۋە توُرموُش ئادەتلىرى بىلەن بولغان بـاغلىنىشى ۋە
موُناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلغان ۋە «دىۋان»دىكى نان ھەق-
قىدىكى بايانلارنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە بـاھا بـەرگەن. نـاننىڭ
ئوُيغوُر ئىستېمال مەدەنىيىتىدىكى ئىجتىمائىي رولى ۋە ئـىج-
تىمائىي موُناسىۋەتنى تـەڭشەش رولـى ھـەققىدە تـوختالغان.

جۈرئەت ئابدۇخېلىل «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نان مەدەنىيتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (2006 ـ يىل 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە نانلارنىڭ تۈرى ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىش ـ تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان نانلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىكى نان ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاپ، ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمالىدىكى ئىز چىللىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

## 2. نان يېقىشنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىقلار

نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلارنىڭ قانداق ۋاقىتتا، قانداق ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىش ئۈچۈن نان يېقىشنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىق پائالىيەتلەر ۋە نان، يېقىش، پىشۇرۇش، قومۇرۇش جەريانىدىكى ئىشلارنى قوشۇمچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. نان تونۇر ۋە ئوچاق (كان ئوچاق) لاردا يېقىلىدۇ. ئادەتتە بازاردا سېتىش ئۈچۈن نان يېقىش بىلەن ئۆيلەردە يېيىش ئۈچۈن نان يېقىش مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەخسۇس ناۋايلار ناننى چوڭ تونۇرلاردا ياقسا، ئۆيدە يېيىش ئۈچۈنلا نان ياقىدىغانلار ئادەتتە تونۇر ياكى ئۆيدىكى كان ئوچاقتا تاماق ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئوچاقنىڭ قىزىق ۋاقتىدىلا نان يېقىۋالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئوتۇن تېجىلىپ قالىدۇ. ئەگەر كۆپرەك ياقماقچى بولسا ئىككى ـ ئۈچ قولۇم ـ قوشنا بىللە بىرەرسىنىڭ ئۆيىدىكى تونۇرغا ئوت سېلىپ نانلىرىنى بىللە ياقىدۇ. چوڭ تونۇردا بىللە نان ياقماقچى بولغاندا قوشنىلار بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ، نان ياقىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە خېمىر يۇغۇرۇپ قويىدۇ. بىرسى چوڭ تونۇردا نان ياققاندا بىر ـ بىرى بىلەن لاپقۇتلىشىدۇ، بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈنلەر ئۈچۈن نان يېقىلغاندا باشقىلار بىلەن بىللە ياقىدۇ. بىراق بەزى جايلاردا نان يېقىشتا ھەمكارلىشىدىغان ئىشلار ئانچە ئومۇملىشىپ كەتمىگەن. تۆۋەندە بىز نان يېقىشنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىق پائالىيەتلەر ھەققىدە كونكرېت توختىلىپ ئۆتىمىز:

### 1) خېمىر يۇغۇرۇش

نان يېقىشتىن بۇرۇن خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. ئادەتتە «خېمىر يۇغۇرۇش» بەزى جايلاردا «ئۇن يۇغۇرۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «خېمىر» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەنبەلىرىدە «خەمىر» دېيىلگەن. ئاق نان (خوتەندە «تومنان» مۇ دېيىلىدۇ) يېقىش ئۈچۈن بۇغداي ئۇنىدا، زاغرا يېقىش ئۈچۈن قوناق ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. بولدۇرۇلمىغان، ئۆرلىمىگەن خېمىرلاردا يېقىلغان نان «پېتىر نان» دېيىلىدۇ. ناننى خېمىرنى بولدۇرۇپ، ئۆرلىتىپ بولۇپ، ئاندىن يېقىشتىن مەقسەت ناننىڭ ئاسان قېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پېتىر نان ئاسان قېتىپ قالىدۇ. بۇغداي ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرغاندا خېمىرنى بولدۇرۇش («ئۆرلىتىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۈچۈن بولدۇرۇلۇپ بولغان خېمىر ئىشلىتىلىدۇ. خوتەندە «پاگى» (بەلكىم خەنزۇچە سۆز بولسا كېرەك). تۇرپان رايونىدا «ئاچچىق خېمىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما، پاگى «خېمىر تۇرۇچ» ياكى «ئېچىتقۇ» ئەمەس. خېمىرنىڭ پاگىسى ئېشىپ كەتسە (جىق بولۇپ كەتسە)، نان ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. قوناق ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇلۇپ زاغرا ياقماقچى بولغاندا پاگى ئىشلىتىلمەيدۇ. بەزى جايلاردا يەنە بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ نان ياقىدىغان ئىشلار بار. ئۆيلەردە ئادەتتە خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس داسلار بولىدۇ. داس ـ قەلەيدىن، سۇلياۋدىن ياسىلىدىغان چوڭقۇرچاق ئۆي سايمىنى بولۇپ، داسنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، كىر يۇيىدىغان، سەي ـ كۆكتاتلارنى ئاقلايدىغان، خېمىر يۇغۇرىدىغان ۋە مال ـ چارۋىلارغا يەم ـ خەشەك بېرىدىغان داسلار ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. داس «جاۋۇر»، «تەلەڭگە» (تۇتقۇچى يوق داسنى قومۇلدا «تەلەڭگە» دەيدۇ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خېمىر يۇغۇرغان داسنىڭ ئۈستىگە ـــ خېمىرنىڭ ئۆرلىشى (كۆپۈشى، كۆپچىش) ئۈچۈن ـــ بىر نەرسە يېپىپ، ئىسسىق يەردە قويۇپ قويۇلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن خېمىر ئۆرلىگەندە ئاندىن ئوچاق ياكى تونۇرغا ئوت سېلىنىدۇ. مۇبادا ئەتىگەندىلا نان يېقىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولسا ئالدىنقى كۈنى كەچتە خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇلىدۇ. نان ئادەتتە مايلىق نان ۋە مايسىز نان، دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. خېمىر يۇغۇرغاندا ماي قوشۇۋېتىلگەن بولسا بۇنداق نان مايلىق نان بولىدۇ. قوشۇلمىغان بولسا مايسىز نان بولىدۇ.

### 2) ئوچاق ياكى تونۇرغا ئوت سېلىش

ئۆي ئىچىدىكى كان ئوچاقلاردا نان يېقىلسا، ئالدى بىلەن تاماق ئېتىپ بولۇپ، ئاندىن نان يېقىلىدۇ. ئەمما تونۇردا نان ياققان ۋاقىتتا تونۇرنى مەخسۇس قىزىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە تونۇرغا قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا ۋە ئوتۇنلار يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. تونۇر ئىچىگە ئوتۇن تاشلاشتىن بۇرۇن تونۇر ئىچىگە قاراپ چۈشۈپ قالغان نەرسە-

كېرەكلەر بولسا ئېلىۋېتىلىدۇ. ئوت تۇتاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تونۇرنىڭ تەكشى قىزىشى، ئوتۇنلارنىڭ تولۇق كۆيۈشى ئۈچۈن كۆسەي بىلەن تونۇر ئىچىدىكى يېقىلغۇلار تاكى تونۇر ئاقارغۇچە چۇخچىلىنىدۇ.

3) نان يېقىش

نان ياقاندا تونۇر بېشىدا بىر ئايال مەخسۇس قولغا يەڭ ياكى گەزنىنى تۇتۇپ نان ياقىدۇ. يېقىپ بولغان نانىنىڭ تونۇردىن ساقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قاراپ تۇرىدۇ ھەمدە «دۇتخانا» (قومۇلدا «تۇرقۇلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان، تونۇرنىڭ ئاستىدىكى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان تۆشۈكى ئارقىلىق تونۇرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئىككى-ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايال كىشى ئولتۇرۇپ نانغا زۇۋۇلا تۇتۇپ بېرىدۇ. داستىكى خېمىردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ زۇۋۇلا تۇتقاندا، زۇۋۇلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئامال بار بىر خىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. زۇۋۇلا بىرسى چوڭ، بىرسى كىچىك تۇتۇلسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ناۋايخانىدىكى سېتىلىدىغان نانلارنىڭ زۇۋۇلىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىر خىل بولۇشى قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. «زۇۋۇلا» پارسچە سۆز بولۇپ، «زۇۋالە»دىن كەلگەن بولۇپ، «خېمىرنىڭ راسلانغان بىر بۆلىكى»، «نان يېقىش ۋە چۆپ ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇملاق خېمىر» دېگەن مەنىدە. تۇرپان، قومۇل شىۋىلىرىدە «زۇگۇل»، «زۇگۇلا» دېيىلىدۇ. ئادەتتە «زۇۋۇلا قىلماق، زۇۋۇلا تۇتماق» دېگەن شەكىللەردە ئىشلىتىلىدۇ. «زۇۋۇلا» سۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا مۇئەييەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىكى «زۇۋۇلىسى پىششىق»، «زۇۋۇلىسى چوڭ»، «زۇۋۇلىسى كىچىك» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر (فىزىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر)نى ئۇچرىتىمىز. «زۇۋۇلىسى پىششىق» دېگەن بىرىكمە «جىسمانىي جەھەتتىن تېتىك، قاۋۇل؛ تېنى ساغلام، كۈچتۈڭگۈر» دېگەن مەنىدە، «زۇۋۇلىسى چوڭ ئۈزۈلگەن» دېگەن بىرىكمە «تۇغۇلۇشىدىنلا تەلىيى بار، ئامەتلىك، بەختلىك، پېشانىسى ئوڭ، رىزقى-نېسىۋىسى مول يارالغان» دېگەن مەنىدە، «زۇۋۇلىسى كىچىك ئۈزۈلگەن» دېگەن ئىبارە «تۇغۇلۇشىدىنلا بىتەلەي، ئامەتسىز، بەختى كاج، تەتۈر پېشانە، رىزقى-نېسىۋىسى كەم يارالغان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن نان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ-ئىبارىلەر نۇرغۇن سىمۋوللۇق مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. زۇۋۇلا ھەققىدىكى بۇ قاراشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرچىلىكى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، زۇۋۇلا تۇتۇلغان خېمىر ئەمبەلنىڭ ئۈستىدە قويۇلۇپ، نوغۇچ بىلەن يېيىلىپ، زۇۋۇلىدىن جىلت ئېچىلىدۇ. ئاندىن نانىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈچ سېلىنىدۇ (چەككۈچ چېكىلىدۇ). نانىنىڭ ئۈستىگە زىرە، كۈنجۈت، سىيادان، پىياز قاتارلىق نەرسىلەر سېپىلىدۇ. نان ياقىدىغان كىشى تەييارلانغان خام ناننى تونۇرغا سېلىشتىن بۇرۇن، نانىنىڭ گەزنىگە چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گەزنىنىڭ يۈزىگە ئازراق ئۇن چاچىدۇ. بۇ «پوخۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. نانىنىڭ تونۇرغا ئوبدان چاپلىشىشى ئۈچۈن نانىنىڭ كەينى تەرىپىگە تۇز پۈركۈلىدۇ. نان ياقىدىغان ئايال بىر تەرەپتىن تونۇردا پىشقان نانلارنى لاخشىگىردە قومۇرۇپ ئالغاچ، بىر تەرەپتىن قومۇرۇلغان نانلارنىڭ ئورنىغا نان ياقىدۇ.

### 3. نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال-سايمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئىشلەپچىقىرىشتا مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارى ئەلۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش قورال-سايمانلىرىنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر خەلقى ئىجاد قىلغان نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال-سايمانلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، لوگىكىلىق تەپەككۇرى، تېخنىكىلىق ئىقتىدارى نامايان بولىدۇ. تۆۋەندە بىز نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال-سايمانلارنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز:

1) ئوچاق — ئۈچ تەرىپى تۇتاش (ئېتىك)، ئالدى تەرىپىگە ئېغىز ئېچىپ ياسالغان، ئۈستىگە قازان ئېسىلىپ، ئىچىگە ئوت يېقىلىدىغان، ئىسسىنىش ۋە تاماق پىشۇرۇش قۇرۇلمىسى بولۇپ، بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى (مەسىلەن، مەھمۇد زەيدى) «ئوچاق» سۆزىنى «ئوت چاق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا «ت» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ «ئوچاق» دېيىلىدىغان بولغان، دەپ قارايدۇ. ئوچاق ئادەتتە تامغا يۆلەپ، سېغىز توپا، شور ۋە تۇزدىن ياسىلىدۇ. ئوچاقتا ئوتۇنلارنى قالىغان ۋاقىتتا تېگىدىن شامال ئۆرۈپ ئوتنىڭ ياخشى كۆيۈشى ئۈچۈن توغرىسىغا بىر سىم ياكى گاڭجىلىڭ ئورنىتىلىدۇ. ئوچاق، مەش قاتارلىقلارنىڭ كۈل چۈشىدىغان يېرى «كۈلۈڭ» ياكى «كامار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوچاقنىڭ ئالدىغا بىر پارچە كىگىز ياكى تېرە سېلىپ قويۇلىدۇ. ئۇيغۇر ئۆيلىرىدە تام ئوچاقنىڭ ئۈستىگە يانتۇ ھالەتتە بىر تەكچە چىقىرىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە «مورا بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە تاختا گۈگۈت («تارشا گۈگۈت»مۇ دېيى-
لىدۇ)، سەرەڭگە، جىنچىراغ، چىراغپاي (چىراغدان)،
قەندىل (شامدان)، تۈز... قاتارلىق نەرسىلەر قويۇپ قو-
يۇلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا كەچتە تاماق ئەتكەندە قازاننى
ۋە قازان بېشىنى كۆرۈشكە ئەپلىك بولىدۇ. ئوچاق ئېغى-
زىنىڭ قېلىپىغا غەلۋىر ياكى چەمبىرەك شەكلىدىكى تۆمۈر
قېلىپ قىلىنىدۇ. تاماقنى پىشۇرۇپ بولۇپ نان ياقىدىغان
ئوچاقلار خوتەن شېۋىسىدە «كان ئوچاق» دېيىلىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئوچاقنىڭ مۇئەييەن سىمۋوللۇق
مەنىسى بار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئوچاقنى «بىرەر نەرسە
پەيدا بولىدىغان، تارقىلىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشىدىغان
جاي، مەنبە» دېگەن مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوچاقنى ئىشلىتىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، ئوچاق ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ
كەلگەن. ئوچاقنىڭ مەنبەسى ھەققىدە «ئوچاق چوقۇنۇشـ-
نىڭ مەھسۇلى. ئەڭ دەسلەپكى ئوچاقلار ئوتقا (ياكى
قۇياش ئىلاھىغا) ئاتاپ نەزىر-چىراغ قىلىش مۇراسىملىرىـ-
دا ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە ئائىلىلەرگە قەدەر كېڭەيگەن.
ئوچاق ـــ مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى،
جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك» ③، دېگەن كۆز قاراش بار. ئۇيغۇرلار-
نىڭ مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشى ئۇلارنىڭ
ئۆيلىرىدىكى ئىسسىنىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تې-
خىمۇ تېزلەتتى. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»دە ئوچاق ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارنى قالدۇر-
غان بولۇپ، «دىۋان»دا: «ئوچاق ـــ ئوچاق» (1ـ 88)؛
«ئۆركۈچ ـــ تۆمۈر ئوچاق، ئۈچئاياغ» (1ـ 29)؛ «ئو-
چاقلاندى ـــ ئوچاقلىق بولدى. ئەۋ ئوچاقلاندى ـــ
ئۆي ئوچاقلىق بولدى (ئوچاقلا نۇر-ئوچاقلانماق)» (1ـ
386)؛ «ئاۋران-كان ئوچاق. تۆمۈرچى ئوچىقى شەكلىدە
ياسىلىدىغان تونۇر» (1 ـ 147)؛ «ئوچاقلىغ ـــ ئوچاقلىغ
ئەۋ-ئوچاقلىق ئۆي» (1ـ 200)؛ «ئوچاقلىق ـــ ئوچاق-
لىق يېر-ئوچاقلىق يەر، ئوچاقلىق تېتىك-ئوچاق سېلىشقا
ئىشلىتىلىدىغان سېغىز لاي ۋە باشقا نەرسىلەر» (1ـ 203)؛
«ئۆرلۈچلەندى ـــ ئاشىچ ئۆركۈچلەندى-قازان ئۈچ
پۇتلۇق ئوچاققا ئېسىلدى (ئۆركۈچلەنۇر ـــ ئۆركۈچلەنـ-
مەك)» (1ـ 411)؛ «كۆچۈرمە. كۆچۈرمە ئوچۇق-كۆ-
چۈرمە ئوچاق، بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە يۆتكىگە-
لى بولىدىغان ئوچاق...» (1ـ 638)؛ «تەنگۈچ ـــ تۆمۈر
ئوچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېرىم گەز ئېگىزلىكتىكى
ھەرقانداق نەرسە» (3ـ 520) دېيىلگەن. «دىۋان»دىكى
بۇ بايانلار ئەينى ۋاقىتلاردىلا ئوچاقنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھا-
يىتى كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ھەمدە ئوچاقنىڭ بىر قانچە
خىل تۈرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا
«دىۋان»دا: «قاقۇرغان ـــ قاتلىما. ماي بىلەن يۇغۇرۇ-
لۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان»
(1ـ 672) دېيىلگەن بولۇپ، «قاتلىما» مەنىسىدىكى «قا-
قۇرغان» سۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئىزاھاتتىن ئەينى ۋاقىتلار-
دا نان پەقەت تونۇردىلا پىشۇرۇلماستىن، بەلكى ئوچاقتى-
مۇ پىشۇرۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيـ-
غۇرلىرى ‹مورا ئوچاق›نى كەشىپ قىلىپ، بۇنىڭدىن كۆپ
تەرەپلىمىلىك پايدىلىنىپ كەلدى. مورا ئوچاق مۇنداق بو-
لىدۇ: ئۆينىڭ كەڭرەك يېرىگە تونۇر شەكلىدە ئوچاق سې-
لىنىدۇ. بۇ ئوچاق ‹ئوچاق تونۇرى› دەپ ئاتىلىدۇ. ئو-
چاققا ئوتئۇن قالىنىدۇ. تاماققا تۇتۇش قىلماستىن بۇرۇن،
‹ئوچاق تونۇرى›غا لايىق قازان ئېسىلىپ ئوت قالىنىدۇ.
ئوچاق ئالدىغا ئۆرە مىس چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلى-
دۇ. تاماق پىشقىچە ‹ئوچاق تونۇرى› قىزىپ تەييار بولـ-
دۇ. قازاننى چۈشۈرۈپ ئوچاققا تۈز سېلىپ نان يېقىلىدۇ.
تاماقنى يەپ بولغۇچە نان پىشىدۇ»④. ئۇيغۇرلار ئاتەشـ-
پەرەسلىك دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئوتقا تۇۋنىغان مەزگىللەردە
ئوت مۇقەددەسلىكى يۈزىسىدىن ئوچاقنىمۇ ئۇلۇغلايدىغان
ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن. «قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى
ھىرودوت ئۆزىنىڭ ‹تارىخ› دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرا ئاسىيا
ئىسكىفلىرى ‹ئەڭ قاتتىق قەسەم بېرىدىغان چاغدا، پادى-
شاھنىڭ ئوچىقىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قەسەم بەرگەن. بۇ
ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى›، دېگەن خاتىرىنى قال-
دۇرغان⑤. بۇنىڭغا قارىغاندا ئوچاق بېشى مۇقەددەس
جاي دەپ قارالغان. يەنە سېھىرگەرلىكتىمۇ ئوچاق بېشى
ياكى تۈۋى سېھىرىي پائالىيەتلەرنىڭ سورۇنى قىلىپ تاللىنى-
دۇ. ئائىلىلەردىكى ئوچاق، تونۇر قاتارلىق ئىسسىنىش قۇ-
رۇلمىلىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن ئوچاق،
تونۇر قاتارلىقلارغا ئائىت بىر قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەر-
مۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ئوچاق، تونۇر
بېشى ياكى يانلىرىدا ئوسۇرۇش، ناشايان ئىشلارنى
قىلىش، ئوچاق، تونۇرلارغا ئەخلەت تاشلاش ۋە
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش، بىكاردىن-بىكار
ئوچاق، تونۇردىكى ئوتنى كوچىلاش... قاتارلىق ئىشلار-
دىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوچاق بېشىغا
جۇنۇپ ھالەتتە كەلمەسلىك، ئوچاقتا تازا گۇرۇلدەپ

كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ تۆكمەسلىك، ئوچاقنىڭ قىرىدا ئول-
تۇرماسلىق، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ بەدقىلىقلىق قىلى-
ماسلىق، سەت گەپ قىلماسلىق... قاتارلىقلار ئەمەل
قىلىش زۆرۈر بولغان پەرھىزلەر ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، «ئ-
ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە، ئوچاق ۋە تونۇر مۇقەددەس
نەرسە دەپ قارالغان. ئوچاق ئۆينىڭ، تونۇر ھويلىنىڭ تۈۋ-
رۈكى، ئوق مەركىزى ھېسابلانغان. ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىلا
ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ پاكىزلىقىمۇ قەتئىي قوغدالغان ھەم
ئۇنىڭ دەخلى- تەرۇزسىزلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.
ئوچاق ۋە تونۇر بولمىغان ئائىلە مۇكەممەل ئائىلە ھېساب-
لانمىغان»⑥. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلاردا ئوغۇللارنىڭ توينى
قىلىپ، بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشنى «ئۆيلۈك- ئوچاقلىق
قىلىپ قويماق» دەپمۇ ئىپادىلەيدۇ. يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى
«چېچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىنا» دېگەن ماقالدىن
بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان- پىشمىغانلىقى
ئۇنىڭ ئوچاق بېشىدىكى ئىشلارنى قىلالايدىغان- قىلالماي-
دىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

2) تونۇر — ئىچىگە ئوت يېقىپ قىزدۇرۇپ، نان
يېقىلىدىغان، شور ياكى ئوتقا چىداملىق سېغىز، خىشتىن
يېرىم شار شەكلىدە ياسالغان ئوچاق بولۇپ، ئاساسەن
ئۆيلەرنىڭ سىرتىغا سېلىنىدۇ. «ھەرقانداق تونۇر —
تونۇر گەۋدىسى، داپخۇن، تونۇر سۇپىسىدىن تەركىب تا-
پىدۇ. تونۇرلار ياسىلىش ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا
قاراپ، شور تونۇر، كۇلال تونۇر، خىش تونۇر، شالالىق
تونۇر، ئوچاق تونۇر، مەش تونۇر، كۆچمە تونۇر قاتار-
لىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ» ⑦. «دىۋان»دا: «ئاۋران —
كان ئوچاق. تۆمۈرچى ئوچىقى شەكلىدە ياسىلىدىغان
تونۇر» (1 ـ 147) دېيىلگەن. نان مەدەنىيىتى ئوچاق ۋە
تونۇر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈ-
دەك ئوچاق ۋە تونۇرلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك
تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان نان پارچىلىرى ۋە ئوچاق، تو-
نۇرلارنىڭ قالدۇقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نان ئىستېمال ئادى-
تى ۋە ئوچاق، تونۇر ئىشلىتىش تارىخىنىڭ ھەققەتەن
ئۇزاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قومۇل، تۇرپان،
چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، نىيا قەدىمكى خارابى-
سى، لوپنىڭ سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق
جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر-
دە بەزى خارابىلىكلەردىن نان پارچىلىرى تېپىلغان

بولۇپ، بۇ نان پارچىلىرىنىڭ يىل دەۋرى بۈنىڭدىن
3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلىرى-
مىز بۈنىڭدىن 10ـ 15 ئەسىرلەر بۇرۇن ئىشلەتكەن تو-
نۇرلارنىڭ شەكلى ھەققىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»
تىكى «يالڭ» سۆزى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھاتتىن بىز بىر
قىممەتلىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشىمىز. «دىۋان»دا: «يالڭ —
ئەندىزە، قېلىپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىچىمى شۇنىڭغا
ئاساسەن ئۆلچىنىپ ياسىلىدۇ... ياكى لايدىن يۇمىلاق
تونۇر شەكلىدە بىر قېلىپ ياسىلىدۇ... ھەرقانداق نەرسى-
نىڭ قېلىپىمۇ شۇنداقتۇر» (3ـ 493) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ-
نىڭدىن بىز ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن تونۇرلارنىڭ شەك-
لىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. تونۇر
ئۇيغۇرلاردا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى «ئۆي تونۇرى»
دەپ ئاتالسا، يەنە بىرى «ناۋاي تونۇرى» دەپ ئاتىلى-
دۇ. تونۇرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئاتىلىشى ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرىدە ئانچە- مۇنچە پەرقلىنىدۇ.
مەسىلەن، تونۇرنىڭ دورىخانىسى (تونۇرنىڭ كۈل چىقىرى-
دىغان تۆشۈكى) ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسىدە «تۈر-
قۇلۇق»، «ئاپقۇناق»، قەشقەر شېۋىسىدە «داپخان»،
خوتەن دىيالېكتىدا «دۇتخانا» (قاراقاشتا «دۇت») دەپ
ئاتىلىدۇ. «دىۋان»دا يەنە «ياپتى — ياپتى؛ قويدى،
قۇردى؛ ئەتتى... ئىشلار ئەتمەك ياپتى- خوتۇن (تونۇرغا)
نان ياپتى...» (3 ـ 78)؛ «ياپسادى — ياپقۇسى كەلدى-
ياققۇسى كەلدى؛ قويغۇسى كەلدى. ئەر ئەتمەك ياپسادى-
ئادەمنىڭ نان ياققۇسى كەلدى...» (3ـ 416) دېيىلگەن
بولۇپ، بۇ بايانلارغا قارىغاندا، ناننى ئاياللارلا يېقىپلا
قالماي، ئەرلەرنىڭمۇ ياقىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. تونۇرغا
ئوت قالاپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تونۇرنىڭ
ئىچى تەرىپىدىكى شور ئاقىرىدۇ. شۇڭا، «تونۇر قىزد-
سا» ياكى «تونۇر ئاقارسا» ياقىمىز، دەيدىغان گەپ بار.
ئۇيغۇرلاردا يەنە «ناننى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق»،
«تۈزسىز نان تونۇردا تۇرماس»، «ناننى تونۇر بېشىدا
كۆرمەڭ، جۇۋاننى مەشرەپتە»، «ناننى ئوخشاتقان تونۇ-
رى، ئاشنى ئوخشاتقان ھۈنىرى» دەيدىغان ماقال- تەمە-
سىللەر كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلاردا تونۇرغا مۇناسىۋەت-
لىك چۈشلەرگە ئىجابىي تەبىر بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «ھەر
كىم تونۇرنى چۈشىدە كۆرسە، ئۆي- ئىمارەت ئالۇر ۋە
ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەقۋادار ئادەم بولۇر»⑧
دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. خەلقىمىز تەدرىجىي ئەنئەنىۋى تو-
نۇرلارنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىقتىدارد-

نى ياخشىلاپ كەلدى. تونۇرنىڭ ئەتراپىنى بىر قەۋەت تۆمۈردە قاپلاپ ياكى ئىشلىتىپ بولغان چوڭ ماي تۇڭلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچتىن بىر قىسمىنى كېسىۋېتىپ شۇنىڭ ئىچىگە شور سېلىپ تونۇر ياساپ تونۇرنىڭ چىداملىقلىقى، پۇختىلىقىنى ئاشۇردى. ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر يېڭىلىق شۇكى، تونۇرچىلار چوڭ كوزىلارنىڭ تېز قىزىيدىغان ھەم پۇختا بولىدىغانلىق خۇسۇسىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، كوزىدىن ياسالغان، يۆتكىگىلى بولىدىغان ھەرىكەتچان كۆپ تونۇرلارنى ئىجاد قىلدى. تونۇر مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نان يېقىش ئىشلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

3) كۆسەي — تونۇرنىڭ ئوتىنى يىغىدىغان ۋە ئوت چۇخچىلايدىغان ئۇزۇن ياغاچ ۋە شۇنىڭ رولىنى ئوينايدىغان كالتەك ياغاچ بولۇپ، كۆسەي ئادەتتە توغراق، ئۈجمە ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ ھەمدە تونۇر بېشىدا ساقلىنىدۇ، كۆيدۈرۈۋېتىلمەيدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە كۆسەي «كۆزەگۈ» دېيىلگەن. مەسىلەن، «كۆزەگۈ — كۆسەي. ماقالدە مۇنداق كەلگەن: كۆزەگۈ ئۇزۇن بولسا ئەلىك كۆيمەس. كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس. بۇ ماقال ‹ئىشقا يارايدىغان بالا-چاقىلىرى كۆپ ئادەم راھەتتە ياشايدۇ› دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ» (1— 584) دېيىلگەن. «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس» دېگەن بۇ تەمسىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل ئىستېمالىدىمۇ كەڭ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ھەر جەھەتتىكى شەرت-شارائىتنى تولۇقلاپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىش باشلىغاندا ھېچنېمىدىن قىسىلمايدىغانلىقنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «كۆسەي تۇتقاننىڭ قولى قارا» دېگەن تەمسىلمۇ بار.

4) ئۇنتاختا — خېمىر يۇغۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىن تاختاي. ئادەتتە كۆپرەك خېمىر يۇغۇرغاندا داستا يۇغۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنتاختا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنتاختا ئادەتتە ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

5) سۇپىرا — خېمىر يېيىش، نان راسلاش ئۈچۈن رەخت ياكى ئاشلانغان تېرىدىن داستىخان شەكلىدە مەخسۇس ياسالغان تۆشۈك سايمىنى بولۇپ، ئادەتتە تونۇر بېشىدىكى خېمىردىن زۇۋۇلا تۈتۈش، نان راسلاش... قاتارلىق ئىشلار ھەممىسى سۇپىرا ئۈستىدە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دەسسەش، ئاتلاش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ.

6) ئەلگەك — ئەلگەك گەرچە نان يېقىش جەريانىدا ئىشلىتىلمىسىمۇ، خېمىر يۇغۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇن تاسقاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئەلگەك «ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، قول ئەلگەك بولۇپ، ئات قىلىدىن توقۇلىدۇ. تۆشۈكچىلىرى ئىنتايىن كىچىك، قوناق ئۇنى تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يەنە بىرى، يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، تۆشۈكلىرى كىچىك بولۇپ، بۇغداي ئۇنى تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەلگەك دېيىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەتراپىغا ياغاچتىن قاسقان چىقىرىلىدۇ» ⑨. بەزى جايلاردا ئەلگەكنى «ئەگلەك» دەپمۇ ئاتايدۇ.

7) ئەمبەل — خېمىر يۇغۇرۇش، چەيلەش، زۇۋۇلا قىلىش، ئېچىش ئۈچۈن ھەم نانلارنى تىزىش، گۆش، سەي-كۆكتات... قاتارلىقلارنى توغراش ياكى يېمەكلىكلەرنى قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچتىن ياسالغان جابدۇق بولۇپ، بەزى جايلاردا «ئەمبەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمبەل پۇتلۇق ۋە پۇتسىز ئەمبەل دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئەمبەلنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك ۋە يۇملاق شەكىللىك كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە قەدىمكى خارابىلىكلەر ۋە قەبرىستانلىقلاردىن ئەمبەل كۆپلەپ بايقالغان. مەسىلەن، 1991-يىلى، پىچان ناھىيەسىدىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3—5-ئەسىرلەرگە تەۋە سۇبېشى 3-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن توققۇز دانە ئەمبەل تېپىلدى. ئەمبەللەر ئادەتتە ئىككى خىل رول ئوينايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ئاستى قېلىن بولغاچقا، دۇم قىلىنسا دۈشنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى، گۆشلەرنى توغراپ، سۆڭەكلەرنى چانىغىلى بولىدۇ. ئوڭ قويۇلسا، ئىچى سەل چوڭقۇر، تاۋاقسىمان بولغاچقا، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەمبەللەرنىڭ كۆپىنچىسىدە قوي گۆشىنىڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان»⑩. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن ئىككى دانە تۆت پۇتلۇق ئەمبەل، لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە ئەمبەل ۋە تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىن ئەمبەللەر تېپىلغانلىقى مەلۇم. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەمبەلنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

8) نوغۇچ — خېمىرنى يېيىش، زۇۋۇلىدىن جىلىت ئېچىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئوتتۇرىسى توم، ئىككى ئۇچى ئىنچىكىرەك بولغان، 70~ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ سايمان بولۇپ، تۇرپان، قومۇل تەرەپلەردە «خالۇ»، خوتەندە «يايغۇچ»، «پۇزا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سايمان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ

خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «دىۋان»دا: «چانچۇ ــ نوغۇچ. خېمىر يايىدىغان ئەسۋاب» (1 ـ 544)؛ «يۇغۇرغۇچ ــ نوغۇچ، خېمىر ۋە باشقىلارنى يېيىشتا ئىشلىتىلىدۇ» (1 ـ 642) دېيىلگەن.

9) تۆكۈچ ــ ناننىڭ يۈزىگە چېكىش. گۈل چىقىرىش ئۈچۈن، توخۇنىڭ پېيى، قۇش پەيلىرىنى بوغۇپ ياكى دۈگىلەك ياغاچقا تۆمۈر مىخ بېكىتىپ ياسىلىدىغان سايمان بولۇپ، «تۆكۈچە»، «تۆكۈچ»، «نان چەككۈچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەشقەردە «تۆكچى»، قومۇلدا «چېكىمدىگۈچ»، كورلىدا «چەككۈچ» دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە «تۆكۈچ» سۆزىنىڭ تومۇرى «تۆك» سۆزى بولسا كېرەك. چۈنكى، دەسلەپكى مەزگىللەردە تۆكۈچلەر توخۇ، كەپتەر قاتارلىق قۇشلارنىڭ قانات ۋە قۇيرۇق پەيلىرىنى بوغۇپ ياسالغان. «دىۋان»دا «تىكۈچ-تۆكۈچ،چەككۈچ» (1 ـ 464) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئادەتتە تۆكۈچنىڭ 10~15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تۇتقۇچى بولىدۇ. تۆكۈچلەر ياسىلىش شەكلىگە قاراپ، گۈللۈك، گۈلسىز ۋە سىدام دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاستى تەرىپىدىكى مىخ، قومۇش، سىم ياكى چىغ قاتارلىق نەرسىلەر بېكىتىلىدىغان بولغان تۆكۈچنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان بۇ نەرسىلەر يۇملاق (چەمبەر)، يۇلتۇز، ئاي... قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. ناننىڭ يۈزىگە تۆكۈچ سالغاندا ناننىڭ يۈزىدىكى تەبىئىي چېكىتلەر ناھايىتى چىرايلىق، سۈپەتلىك كۆرۈنىدۇ ھەم ناننىڭ يۈزىگە سېپىلگەن كۈنجۈت، سىيادان، پىياز... قاتارلىقلار نانغا ئوبدان چاپلىشىدۇ.

10) گەزنە ــ تونۇرغا ئاق نان، كاكچا (ئەتمەك، ھەمەك) قاتارلىقلارنى ياققاندا ناننىڭ شەكلىنى بۇزماي تونۇرغا چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياپىلاق ياسالغان بۇيۇم، يەنى نان ياقىدىغان رېپىدىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

11) يەڭلىك ــ نان ياققاندا قولغا كىيىۋالىدىغان، جەينەككە كېلىدىغان، بىر تەرىپى پۈتەي، ئالقان تەرىپى كەڭرەك، قولنىڭ بېغىچىدىن جەينەككىچە بولغان ئارىلىقى تار ۋە ئۇزۇن بولغان، بۆز گىلەم پارچىسى ۋە باشقا رەختلەردىن توقۇلىدىغان سايمان بولۇپ، «يەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قومۇل ۋە تۇرپانلاردا گەزنە بىلەن يەڭ ئايرىم بولماستىن، بەلكى بىر خىل بولىدۇ. قومۇلدا گەزنىنى «نايالڭ» دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە، يېڭى كۆيەر» دەيدىغان ماقال بار.

12) لاخشىگىر ــ چوغ ياكى ئىسسىق تۆمۈرنى تۇتۇش؛ ئوچاق ياكى مەشتىن چوغ ئالغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسالغان ساپلىق تۆمۈر سايمان بولۇپ، ئادەتتە مەشتىكى ئوتنى تەڭشەش، ياخشى كۆيدۈرۈش ۋە ناننى قومۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان»دا: «يەركۈچ ــ يەر تونۇرىدىكى ناننى ئۆرۈپ-چۆرۈپ تۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىچقا ئوخشاش ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق قىلىپ ياسالغان ياغاچ پالاق» (1 ـ 590) دېيىلگەن بولۇپ، «يەر كۈچ» دېگەن بۇ ئەسۋابمۇ لاخشىگىرغا ئوخشاش ناننى ئۆرۈپ-چۆرۈش ۋە قومۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن.

13) پەشخون ــ ناننىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇش، چەيلەش، زۇۋۇلا قىلىش، ئېچىش ئۈچۈن ھەم نانلارنى تىزىش ئۈچۈن تەييارلانغان تاختا بولۇپ، ئۇ زەيتۇن ياغىچىدىن ياسىلىدۇ ھەم بەك پاكىز بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. قومۇرۇلغان نانلارنى قويۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## 4. ناننى قومۇرۇش

ناننىڭ يۈزى قىزىرىپ سىڭىشلىق پىشقاندىن كېيىن ناننى قومۇرۇپ ئېلىپلا چوتكا ياكى پاكىز لاتىدا ناننىڭ يۈزى ماي بىلەن سۈرتۈۋېتىلىدۇ. ناۋادا تونۇردا نانغا كۈل يۇقۇپ قالغان بولسا چىقىپ كېتىدۇ. تونۇر ئەتراپىغا سېلىنغان بىرەر داستىخانغا يېيىپ قويۇلىدۇ. ياكى تەۋەڭ (نانلارنى تىزىپ، باشتا كۆتۈرىدىغان چوڭ يۇملاق ياغاچ تاۋاق ياكى شۇ شەكىلدە توقۇلغان سېۋەت)گە تىزىلىدۇ. نانلار سەل سوۋۇغاندىن كېيىن دەستىلەپ، ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ. «دىۋان»دا: «بىزى ــ كۆيۈك، چاۋارتقۇ، ناننىڭ يۈزىدە ئوت چاققانلىقتىن پەيدا بولىدىغان چاۋارتقۇ. ئەتمەك بولدى ـ ناننىڭ يۈزى كۆيدى» (3 ـ 309) دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن نان ياققاندا قانداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. نان يېقىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، تونۇردىكى قېپقالغان ئوتتا ياڭاق، سەۋزە، كاۋا، بېھى... قاتارلىق نەرسىلەر كۆمۈپ پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ئەگەر ئوت ئىشلىتىلمىسە چوقۇم ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ.

## 5. ناننى ساقلاش

ئۆيلەردە، بولۇپمۇ يېزا-سەھرالاردىكى ئۆيلەردە ئۆي تاملىرىنىڭ ئېگىز (تورۇسقا يېقىنراق) يەرلىرىگە قوزۇقلار قېقىلىپ، ئۈستىگە تاختاي قويۇپ قويۇلىدۇ. تاختىبېشىدا قاچا-قۇچا، كەكە... قاتارلىق ئائىلە ئەسۋابلىرى قويۇلغاندىن سىرت يەنە بەزى تاختىبېشىدا نانمۇ ساقلىنىدۇ. نان يەنە ساندۇقلاردىمۇ ساقلىنىدۇ. ئەمما نان بار ساندۇققا قۇلۇپ سېلىنمايدۇ.

## 6. خۇلاسە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاق ۋە تونۇرلاردا يېقىلىدىغان

نان تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. نان ماتېرىيالى، تەييارلاش
قائىدىسى، پىشۇرۇش ئۇسۇللىرىغا قاراپ ئوخشاش بول-
مايدۇ. نان ئىشلىتىلگەن خۇرۇچنىڭ ئوخشىماسلىقىغا
قاراپ، بۇغداي نېنى (ئاق نان)، قوناق نېنى (زاغرا)،
ئارپا نېنى، جەۋەندە (بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنى
ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلىدىغان نان)، چالا (يېرىكرەك
بۇغداي ئۇنىدا يېقىلىدىغان نان) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈن-
دۇ. نەدە پىشۇرۇلغانلىقىغا قاراپ ئۇچاق (تونۇر) نېنى ۋە
قازان نېنى؛ خېمىرىغا ماي قوشۇلغان- قوشۇلمىغانلىقىغا
قاراپ مايلىق نان، مايسىز نان؛ يۈزىگە سۈرتۈلگەن نەر-
سىگە قاراپ كۈنجۈتلۈك نان، سىيادانلىق نان، دەپ بىر
قانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سامسا،
كۆمەچ، ئۆي نېنى، بازار نېنى (ئاق نان)، توقاچ، كۈن-
جۈتلۈك توقاچ، سەپەر توقچى، توي نېنى، كاكچا
(«چوڭ نان»، قەشقەردە «ھەمەك»، «چاۋات» دېيىلىدۇ)،
تومنان (قومۇلدا «قاۋاماش» دېيىلىدۇ). گۆش نان،
گىردە، گۆش گىردە، شىرمان نان، جۆۋەندە (قوشۇقلۇق
نان)، خۇلما، زاغرا (تۇرپاندا «قوشۇق نان» دەيدۇ)،
گىردە، گۆش گىردە، گۆش نان، توقاچ... قاتارلىق تۈر-
لىرى بار. قازان نانلىرىدىن قاتلىما، قۇيماق، كۆمەچ،
پوشكال (قومۇلدا قىلىن پوشكالنى «تۇڭگان چەپكى»،
نېپىز پوشكالنى «چەپەك» دەيدۇ)... قاتارلىقلار بار. ئۇي-
غۇرلاردا نان تۈرلىرىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ بولۇشى نان
يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال- سايمانلارنىڭ تۈرىنىڭ
كۆپ، ياسىلىشىنىڭ سىپتا، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ۋە تەننەر-
خىنىڭ ئەرزان ئىكەنلىكىدىن بولغان، دەپ قاراشقا بولى-
دۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق»، «نان-
ئىمان، ناننىڭ يوقى يامان»، دېگەن ماقال- تەمسىللەر
ناننىڭ ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىدە نەقەدەر
مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەر-
كەسىپ رىساللىرىنىڭ بىرى بولغان «ناۋايچىلىق رىسالە-
سى»دە خېمىر يۇغۇرغاندا، خېمىرنى زۇۋۇلا قىلغاندا، تو-
نۇرغا نان ياققاندا، تونۇردىن ناننى قومۇرغاندا پىشقان
ناننى تەۋەككە تىزغاندا ۋە نان ساتقاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئالار بار بولۇپ، بۇلاردىن بىز نان يېقىشنىڭ ئىش
جەريانىدىكى ھەر بىر باسقۇچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرى-
لىدىغانلىقى، خەلقىمىزدىكى «نان يۈز قولدىن ئۆتۈپ ئې-
غىزغا كىرەر» دېگەن ھېكمەتلىك ماقالدىن ناننىڭ ناھاي-
تى كۆپ ئەجىر- مېھنەت، جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق قولغا
كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئەجدادلىرىمىز ئىخترا
قىلغان نان يېقىشتا ئىشلىتىدىغان قورال- سايمانلار ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ ئەقىل- پاراستى، ئىجادىي تەپەككۇرى، ئىش-
لەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ئىقتىدارى، ھۈنەر-
سەنئەت تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى روشەن نامايان قىلىدۇ.
گەرچە خەلقىمىزنىڭ نان يېقىش جەريانىدىكى مەشغۇلاتى
ۋە نان يېقىشتا ئىشلىتىدىغان قورال- سايمانلىرى ئۆزىمىز-
گە ناھايىتى تونۇشلۇق، بۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىشنىڭ ئەھ-
مىيىتى يوقتەك بىلىنگىنى بىلەن، نان ئىستېمال قىلمايدىغان
مىللەت، قوۋملارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدەنىيىت-
نى چۈشىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسكەرتىش: مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»تىن ئېلىنغان نەقىللەر سەل كۆپ بولغىنى ئۈچۈن نەقىللەر-
نىڭ توم ۋە بەت سانى ئۇنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى ھەمدە نەقىللەر
«دىۋان»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1981- يىل 8- ئاي بە-
رىنچى نەشرىدىن ئېلىندى.

①، ② شېرىن قۇربان: «نان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى»،
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە- ئىجتىمائىي
پەن قىسمى)، 1998- يىل 1- سان، 54- بەت.

③ ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىل 10- ئاي 1- نەشرى، 187- ،
188- بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ
خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈر-
لەر نەشرىياتى، 57- بەت.

⑤ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى ئۇلۇغلى-
شى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2001- يىللىق 5- سان، 48- بەت.

⑥ غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوت مۇقەددەسلىك قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»،
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2008- يىل 3- سان، 64- بەت.

⑦ مۇھەممەدئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002- يىل 10- ئاي بىرىنچى نەشرى،
51- بەت.

⑧ تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت تەييارلىغان: «تەبىرنامە»،
«مىراس» ژۇرنىلى، 2002- يىل 1- سان، 56- بەت.

⑨«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش كومىتېتى
تۈزگەن (ئابدۇللا مۇھەممەد ئېلى قاتارلىقلار تەرجىمىسى): «خو-
تەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-
يىل 10- ئاي، بىرىنچى نەشرى، 712- ، 713- بەتلەر.

⑩ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى- ئارخېئولوگىيە تەتقىقات
ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي: «پىچان سۇ بېشى قەبرىستانـ-
لىقلىرىدىن 3- نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى- ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى يېڭى ھاسىلاتلار»
(داۋامى)، 1997- يىل خەنزۇچە نەشرى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەت-
لەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

# قۇم ئۈستىدە يالاڭئاياغ مېڭىپ بېرىش ئادىتى ۋە سالامەتلىك



قۇربان ئوبۇل

رايونىمىز كىشىلىرىنىڭ ياز پەسلىدە قۇم ئۈستىدە يالاڭئاياغ مېڭىپ بېرىش ئادىتى يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ساغلاملىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنىڭ بىرى، بۇ ئادەت خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، تۈرلۈك كېسەللىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ هاۋا كىلىماتى، ئىجتىمائىي مۇهىتى، تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن بارلىققا كەلتۈرگەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرىدۇر. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى مەيلى ئىستىخىيەلىك هالدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ۋە ياكى ماددىي ئېھتىياج تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بولسۇن، ئوخشاشلا هەر خىل ئېغىر-يەڭگىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللىنىلىپ، ئۆزگىچە ئۈنۈم يارىتىلغان. شۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى نوقۇل هالدا قەدىمكى تېۋىپلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلمەستىن، بەلكى يېزا-قىشلاقلاردىكى هەرقايسى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تارقاق هالەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەن.

رايونىمىز خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان مۇقىم ئولتۇراق مۇهىتىغا قەدەم قويۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئادەتلىرى بىلەن ساغلاملىق چۈشەنچىلىرىنى ناهايىتى زىچ گىرەلەشتۈرۈۋەتكەن. بولۇپمۇ ئۇلار يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا ئايىغىنى سېلىۋېتىپ قۇرۇق توپا (تۇپراق) ياكى قۇمساڭ يەرلەردە يالاڭئاياغ مېڭىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسرىغان ۋە كېسەل داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەن. ئەلۋەتتە يازلىقى يالاڭئاياغ يۈرۈشنىڭ رېماتىزم، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى ۋە باشقا تۈرلۈك بەدەن ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە پايدىسى چوڭ بولۇپ، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىستېمىلىق هالدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر، رايونىمىزدىكى يازلىقى يالاڭئاياغ يۈرۈش ئادىتى يەنە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىمۇ سەۋەبكار بولغان. خوتەن ۋىلايىتىدە مەلۇم تەتقىقات ئورۇندىكىلەر يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي توپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساغلاملىق ئەھۋالى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. كۆپلىگەن ياشانغان بوۋاي، مومايلارنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرگەندە، ئومۇميۈزلۈك بۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە ساغلام ئىكەنلىكىنى

بايقىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادد-
تىگە باغلاپ، ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىشلەر جەريانىدا، بۇ
يەردىكى كۆپ قىسىم كىشلەرنىڭ يازلىقى كالىچىنى بېقىنىغا
قىسىپ، ئېتىز، قىر - داللار بولامدۇ ياكى ئوڭغۇل-
دوڭغۇل يېزا يوللىرىدا بولامدۇ بەخىرامان مېڭىپ يۈرىيدى-
غانلىقىنى بايقىغان ھەمدە مۇشۇ يىپ ئۇچى ئاساسىدا تەتقى-
قات ئېلىپ بېرىپ، يالاڭئاياغ يۈرۈشنىڭ تۇرلۇك رېماتىزم،
بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىق بىر قىسىم كېسەللەرگە شىپا بو-
لۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ بىر خىل فىزىكىلىق داۋالاش ئۇ-
سۇلى ئىكەنلىكىنمۇ ئىسپاتلىغان، چۈنكى ئىنساننىڭ ئالىقى-
نى بىلەن تاپىنى ئومۇمىي بەدەندىكى بارلىق ئارتېرىيە قان
تومۇرلىرى بىلەن ۋېنا قان تومۇرلىرى تۇتىشىدىغان ئورۇن
بولۇپ، يالاڭئاياغ يول يۈرگەندە، پۇت ئالىقىنى تەكشى
بولمىغان تۇپراق يۈزىگە داۋاملىق تېگىش جەريانىدا پۇت
ئالىقىنى غىدىقلىنىپ، قان ئايلىنىشنى پەۋقۇلئاددە ياخشىلاي-
دىغانلىقى، قان ئايلىنىشنىڭ بۇنداق تەبىئىي رەۋىشتىكى
تېزلىكى يۈرەك ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇپ، يۈرەكنىڭ ساغ-
لاملىقىنى كاپالەتلەندۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. دېمەك، يۇقى-
رىقى بايقاشتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياز پەسلىدە
توپا ياكى قۇم ئۈستىدە يالاڭئاياغ مېڭىپ بېرىش ساغلام-
لىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق
ئەسىر جەريانىدا يەكۈنلىگەن بۇ تۇرمۇش تەجرىبىسى ئو-
مۇمىي خەلقنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي ساغلام-
لىقىغا پايدىلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەتتە پۇت ئالىقىنى قۇم بىلەن ئۇچراشقاندا، قۇم
تەركىبىدىكى ھەر خىل پايدىلىق تەركىبلەرنىڭ بەدەنگە سۈ-
مۈرۈلۈشى ۋە قۇمنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ بەدەنگە يەتكۈزۈلۈ-
شى ھەمدە بەدەندىكى ئارتۇقچە ھۆللۈك قۇم تەرىپىدىن
سۈمۈرۈۋېلىنىشى قاتارلىق ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر ئارقى-
لىق ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. يەنى،
كۈن نۇرىنىڭ قىزىتىشىدىن قۇمدىكى قۇرۇق ئىسسىقلىق
كەيپىياتىنىڭ ئېشىشى، قۇياش نۇرى تەركىبىدىكى ھەرخىل
شىپالىق نۇرلارنىڭ (قۇياشنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماي-
دىغان نۇرلىرىدىن ئۇلترا بىنەپشە نۇر بار بولۇپ، بۇ خىل
نۇر تېرىدىكى كېسەللىك باكتېرىيەلىرىنى ھەمدە پارازىت
قۇرتلارنىڭ لىچىنكا تۇخۇملىرىنى يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ)
بەدەنگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، يەرلىك ئورۇندىكى
قان تومۇرلار كېڭىيىپ، قان ئايلىنىش ۋە ماددا ئالمىشىش
تېزلىكتە كۆچىيىپ، بوغۇملار ئارىسىدىكى كېسەللىك پەيدا
قىلغۇچى غەيرىي تەركىبلەر تېز سۈرئەتتە چىقىرىپ تاشلى-
نىپ، تېز، ئوشۇق بوغۇم ئاغرىقى، پۇت - قول تېلىپ
ئاغرىش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

قۇمنىڭ ئاساسلىق تەركىبى سىلكات ئوكسىدى،
تۆمۈر ئوكسىدى، كالتسىي ئوكسىدى ھەمدە قىسمەن
ناترىي ۋە ماگنىي تۇزلىرىدىن ئىبارەت. قۇمنىڭ ئىسسىق-
لىق ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئا-
دەتتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 40 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا
بولغاندا قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى 75 سېلسىيە گرادۇس
ئەتراپىغا يېتىپ بارىدۇ. يالاڭئاياغ قۇم ئۈستىدە مېڭىپ
بەرگەندە قۇمنىڭ بەدەننى قىزىتىش تەسىرىدىن بەدەندى-
كى قان تومۇرلار كېڭىيىپ، بەدەن خاراكتېرلىك قان ئايـ-
لىنىش راۋانلىشىدۇ - دە، بەدەندىكى روھلار جانلىنىپ،
قۇۋۋەتلەر كۈچىيىپ، ئارتۇق ھۆللۈك چىقىرىپ تاشلىنى-
دۇ، بۇ ئارقىلىق بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش
كۈچى ئارتىپ، ماغدۇرسىزلىق، بەدەن ئېغىرلىشىش، خام
سېمىزلىك، سوغۇق تەرلەش، ئۇيۇتقاقلىق، سوغۇقتىن
بولغان بەل، پۇت ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى
داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

پۇت ئالىقىنى بەدەندىكى بارلىق ئارتېرىيە قان تو-
مۇرلىرى بىلەن ۋېنا قان تومۇرلىرى تۇتىشىدىغان ئورۇن
بولۇپ، يالاڭئاياغ يول يۈرگەندە، پۇت ئالىقىنى تۇپراق
يۈزىگە داۋاملىق تېگىش جەريانىدا پۇت ئالىقىنى غىدىقلى-
نىپ قان ئايلىنىش راۋانلىشىدۇ، قان ئايلىنىش راۋانلاشقان
شارائىتتا، يۈرەكنىڭ يۈكى يەڭگىللەپ، قان يەتكۈزۈش
ۋە قاننى قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتى ياخشىلىنىپ، يۈرەك
رېتىمسىزلىقى، سۇلۇق ئىششىق، يۈرەك چوڭىيىش،
يۈرەك زەئىپلىشىش ۋە باشقا بىر قىسىم يۈرەك كېسەللىك-
لىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، يازلىقى قۇم ئۈستىدە يالاڭئاياغ مېڭىپ
بېرىش ئادىتى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ساقلىقنى ساقلاش
ئەھمىيىتى زور بولغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى
بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇزاق
مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئۆتۈپ بىزگە ئۇدۇم
قالغان بۇ خىل قىممەتلىك ساقلىقنى ساقلاش تەجرىبىلىرى
كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى
كۈندە، كېسەل داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش
جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى
ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# شۋېتسىيەنىڭ لوندوندىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى

**گۇننار ياررىڭ** (شۋېتسىيە)

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا شىنجاڭدا بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئۆلكە، شۇنداقلا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللىرىدىكى مۇھىم ۋە قەدىمىي ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولغان بۇ زېمىندا خېلى بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىش ئىستېمالىدىن قالغان، ئەمما ناھايىتى مۇھىم ۋە قىممەتلىك بولغان يېزىقلار ۋە بۇ يېزىقتا قالدۇرۇلغان يادىكارلىقلار تېپىلغان ئىدى. بۇ جەھەتتە چوڭقۇرلاپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھەمدە ئادەمنى خۇشال قىلغۇدەك نەتىجىلەرنىمۇ روياپقا چىقارغان. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، شۋېتسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى 1925 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لوندوندا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تەتقىقات ئورنى شۋېتسىيەگە خاس بولغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت مەقسىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىدى. بۇ تەتقىقات ئورنى يەنە ئىلمىي مەجمۇئەلەرنى تەسىس قىلغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر تىلشۇناس ـ

لار ۋە شەرقشۇناس ئالىملار يېتىشىپ چىققان. بۇ تەتقى-
قات ئورنىنىڭ باشلىقى ھىندىستانلىق ئالىم، شىۋېتسىيە
پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى ئەڭ چوڭ لۇغەتنىڭ باش تۈز-
گۈچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان پىروفېسسور ئىبۇ تۈنەرىد
ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنياغا داڭلىق بولغان خەنزۇشۇ-
ناس گاۋ بېنخەن، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە سانسكى-
رىت تىلى مۇتەخەسسىسى ئېۋارد لىدىلىڭ، خىبود بودېسىن،
ھىندىستانلىق ئالىم يارشابوس ۋە تۈركولوگ گۇستاف
رەكىت قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇر
ئەنەي بۇ ئىشلارغا ئاساس سالغۇچى ئارخېئولوگ ۋە مە-
دەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلىغۇچى ئىدى. سۋېن
ھېدىن ستوكھولمدىن لوندونغا كېلىپ ئاكادېمىيەنىڭ قۇ-
رۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ تەتقىقات ئورنى-
نىڭ پەخرىي باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ شەخسلەر ئىچى-
دە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق كەسپى-
نىڭ دوتسېنتى، جۇڭگودا دىن تارقىتىش بىلەن مەشغۇل
بولغان يۇھان شاردىنىڭ ئوغلى خەنس شاردى ئەڭ
ئاكتىپ، ئەقىللىق ۋە يېتۈك تىلشۇناس ئىدى. شاردى
تەتقىقات ئورنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىش ۋەزىپىسىنى تۈنجى قېتىم ئۈستىگە ئالغان. ئۇ
دەسلەپ شىنجاڭغا بېرىپ ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇرۇپ،
ئاندىن پامىر ۋە قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئىران تىللىق
مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى، بولۇپمۇ ساركۆل تىلىنى تەتقىق
قىلماقچى بولغان. ئەمما بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرالمى-
غان. شاردى كېيىن ئۇزاق مۇددەتلىك تەييارلىقلار ئارقى-
لىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدىكى پامىرغا يېتىپ بارغان
ھەمدە ئۇ يەردىكى ئىران تىللىق مىل-
لەتلەرنىڭ پامىر تىلىنى تەتقىق قىلىپ
چىقىپ خېلى سەۋىيەلىك بىر پارچە
ئىلمىي ئەسەرنى يازغان، لېكىن بۇ
كىتاب ئۇ ۋاپات بولغان 1930-يىلى-
دىن كېيىن ئاندىن نەشر قىلىنغان.
شىۋېتسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقى-
قات ئورنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ۋاقتى ئۇزاق ئەمەس، شۇندا-
قلا چوڭراق تەتقىقات پىلانلىرىنىمۇ ئە-
مەلگە ئاشۇرالىغان ئەمەس. ئىقتىسادىي
قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن تەتقىقات ئورنى
ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان، بۇ تەتقىقات ئورنى-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئىلمىي يىغىنى ئالاھازەل
1927-يىلى چاقىرىلغان ئىدى.
لوندوندىكى شىنجاڭ تەتقىقاتىمۇ مۇشۇ سەۋەبلەر
بىلەن توختاپ قالغان. 1924-يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
تۈرك تىلشۇناسلىقى بويىچە دوتسېنتلىق كەسپى ئۇنىۋانىغا
ئېرىشكەن گۇستاف رەكىت دوختۇر ۋە دىن تارقاتقۇچى
سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەشقەر
ۋە يەكەندە ئون نەچچە يىل تۇرغان. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا
ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە بىر نەچچە پارچە ئەسەرنى يېزىپ
ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئېلان قىلغان بۇ ئەسەر-
لىرى خەلقئارادا ناھايىتى داڭلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ
داڭلىق ئەسىرى «ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» (1912-
1914-يىللاردا يېزىلغان) ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ،
ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈمى «قىسقىچە ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە
لۇغەت» ئىدى. ھازىر شىنجاڭدا تۈزۈلگەن ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا سېلىشتۇرغاندا،
گۇستاف رەكىت تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»
نىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئەمما بۇ كىتاب قەدىمكى ئەرەب يېزى-
قىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە
ئىگە. 1965-يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار لاتىن يېزىقى ئا-
ساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئېلىپبەسىنى ئىشلىتىشكە باش-
لىغان. ئەمما ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقى-
قات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق ئالىملارغا نىسبەتەن
ئەرەب يېزىقىنى بىلىش بىر شەرتكە ئايلانغان.
گۇستاف رەكىت لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىل-





شۇناسلىقى بويىچە دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر ئېغىز تىلى مەسىلىلىرىگە چېتىلىدۇ. 1927 - يىلى ئۇ قەشقەر ۋە يەكەن شېۋىلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن «ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»نى تۈزۈپ چىققان. بۇ كىتاب تا ھازىرغا قەدەر بۇ ساھەدە تۈزۈلگەن بىردىنبىر ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت بولۇپ كەلمەكتە. 1909 - يىللاردىلا، گۇستاف رەكىت خېلىنىسكىيدا چىقىدىغان فىن - ئۇگور (ئۇيغۇر) ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. 1930 - يىلى ئۇ يەنە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھېكايىلىرى توپلىمى «تەجى بىلەن زۆھرە» (Taji bilan Zohra)نى نەشر قىلدۇرغان. 1967 - يىلى مەن بۇ كىتابقا سۆزلۈك ئىزاھاتى يېزىپ چىقتىم. گۇستاف رەكىت يەنە شىنجاڭدىكى ۋەخپە تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ «شىنجاڭدىكى ۋەخپە يەر تۈزۈمى» ناملىق ئەسرىنى 1930 - يىلى نەشر قىلدۇرغان. ھەل قىلىش ناھايىتى تەس بولغان بۇ تېمىغا قانۇنشۇناسلىق ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت مەخسۇس ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلگەن ئىدى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇكى، گۇستاف رەكىت مانىنېرھېيمنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە قولىيازمىلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مانىنېرھېيمنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» (1940 - يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابىنىڭ 2 - قىسمىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر پارچە دىنىي تارىخىي ئەسىرى «مۇھەممەدنىڭ دىنى — ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي، دىنىي تۇرمۇشى ۋە ھازىرقى تەرەققىياتى ھەققىدە ئانالىز» ناملىق ئەسىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالغان.

1929 -، 1930 - يىللىرى مەن شىنجاڭدا بىر نەچچە يىل تۇرغان ھەمدە 1933 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى ھەققىدىكى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالەم «ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات»نى يېزىپ شۇ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. گۇستاف رەكىت 1937 - يىلى پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەشكە باشلىغان ئىدىم. ئاۋۋالقى ۋەزىپەمگە ئوخشاشلا مېنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىم ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېغىز تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا مەركەزلەشكەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبلىك مېنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلىرىم بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دىپلوماتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئەمما مېنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىم ئۈزۈلۈپ قالماي، كۆپ قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىم لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارلىرىدا ئېلان قىلىنىۋەرگەن، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقات ئەنئەنىسى بۈگۈنگىچە توختاپ قالماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

گۇستاف رەكىت ئۆزىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە، ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل ھەققىدىكى تەتقىقاتقا قاراتقان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغىنىم، مەن ئۇيغۇر ئېغىز تىلىنى تەتقىق قىلغان ئىدىم. مېنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ئەڭ چوڭ ئىلمىي ئەسىرىم «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (تۆت قىسىم بولۇپ، 1946 -، 1951 - يىللىرى نەشر قىلىنغان) بولۇپ، مەن بۇ ئەسەردە شىنجاڭنىڭ

2011.5

ۋايەتلىرى» (1973 - يىلى يېزىلغان، گۇستاف رەكىتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى يازغان تېخىچە ئېلان قىلىنمىغان توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، 1975 - يىلى)، يېقىندا شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ دوكلاتلىرىدىكى مىللەتشۇناسلىققا ئائىت خەۋەرلەر» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم (1979 - يىلى).

مېنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىم ئاساسلىقى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغا ئائىتتۇر. ئەمما بۇ مېنىڭ يازما ئەدەبىياتقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. 1930 - يىلى مەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان Munazarah (مۇنازىرە ژانىرى) ناملىق مەسەل خاراكتېرلىك شېئىرىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ «مېۋىلەرنىڭ مۇنازىرىسى — ئۇيغۇر خەلق مەسەلى» ناملىق ئەسىرىمدە ئوخشىمىغان مېۋىلەرنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىش ئارقىلىق ئارتۇقچىلىق ۋە سەۋەنلىكنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم. مەن يېقىندا يەنە خېلى چوڭ ھەجىمدىكى «قەشقەر يازمىلىرى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم، بۇ ئىسلام - ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر توپلىمى بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئاخىرىدا ئىزاھات ۋە سۆزلۈك قىسمى قوشۇمچە قىلىنغان.

شىنجاڭ يەر ناملىرى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇھىم بىر تەتقىقات مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. 1928 -





شەرقىي جەنۇبىدىكى خوتەن ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ماددىي مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغان ئىدىم. بۇلارنى مەن 1935 - يىلى كەشمىردە مەككىدىن ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن خاتىرىلىۋالغان تىل ماتېرىياللىرى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئاۋام خەلقنىڭ تىلى، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە يەنە كۆپ قىسمى خەت تونۇمايدىغان ساۋاتسىز پۇقرالاردىن خاتىرىلىنىۋېلىنغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن شىنجاڭغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى نىيەت قىلساممۇ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانلىقى تۈپەيلى، مەقسىتىمگە يېتەلمەي، كەشمىردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرنەچچە يىل ئارىلىشىش ئارقىلىق خاتىرىلىۋالغان ئىدىم.

بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى ئاساسىدا مەن 1964 - يىلى «ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە شىۋىلەر لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىققان. ئۇيغۇر فولكلورى ۋە ئىرقشۇناسلىقنى چۈشىنىشكە ياردىمى تېگىدىغان ئەسەرلەرىمدىن يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەپسانە - رى-



يىلى گۇستاف رەكىت لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ نەشر ئەپكارىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلىدىكى بىر قانچە جۇغراپىيەلىك يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئاساسلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر ناملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. 1961-يىلى مەن ئىلىك نورىننىڭ 65 ياشقا توشقانلىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدىكى يەر ناملىرىغا قىسقىچە ئىزاھات» ناملىق ماقالەمدە ئات ئۆلگەن داۋان دېگەندەك يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە يەر نامىلىرىدىكى ئالاھىدە بىر خىل شەكىل ئىكەنلىكىنى، يەر نامىلىرىنىڭ بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىدەك بىر خىل ئالاھىدىلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. بۇلاردىن باشقا مەن يەنە ئىلىك نورىننىڭ نەشر قىلدۇرغان سۋېن ھېدىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىلەر توپلىمى»غا ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرى ھەققىدىكى ماتېرىيالنى يېزىپ چىقتىم (1967-يىلى).

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا كۆپ مىقداردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما ئەسەرلىرى ساقلانماقتا. بۇلار ئاساسلىقى گۇستاف رەكىت توپلاپ، قالدۇرغان قول يازمىلار، شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى سېتىۋالغان يازمىلار ۋە مەن شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا يىغىۋالغان قول يازمىلار ئىدى.

30-يىللاردا لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئەڭ جانلانغان ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلىرى ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭدىكى تەبىئىي پەن تەتقىقاتىدىمۇ خېلى كەڭ كۆلەملىك تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلغان. سۋېن ھېدىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۇڭگوغا سەپەر قىلىش ئەترىتىدىكى ئىككى مۇھىم ئەزا ئىلىك نورىن ۋە نورىس ئامبورتلار ئەينى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلاتتى. جۇغراپىيون ئىلىك نورىن 1937-يىلى «غەربىي كۇرۇك تاغ جۇغراپىيەسى» ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىپ ئېلان قىلغان ۋە شۇ يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئاسترونوم نورىس ئامبورت 1938-يىلى «شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىزاڭ چېگرالىرىنىڭ بەلگىلىنىشى» ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شۋېتسىيە شىنجاڭ تەتقىقاتىدىكى ناھايىتى نوپۇزلۇق ئالىملار ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۇپسالا ۋە ستوكھولمغا يۆتكەپ كەتكەن. 1935-يىلى نورىس ئامبورت «ساياھەت ئەترىتى» ناملىق ناھايىتى ئېسىل شىنجاڭ ھەققىدىكى بىر پارچە ساياھەت خاتىرىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ بىزنىڭ شىنجاڭ تەتقىقاتى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى تىلغا ئالغان ۋاقتىمىزدا قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەزمۇندۇر.

1978-يىلى مەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە زىيارەتتە بولۇپ، شۇ چاغدىكى مەن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقات خىزمەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇنىڭدىن باشقا مەن «قەشقەرگە قايتا سەپەر» (1979-يىلى) ناملىق ئەسلىمەمدە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالدىم.

(گۇننار ياررىڭ شۋېتسىيەلىك مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، خەلقئارادا يۇقىرى نوپۇزغا ئېرىشكەن دىپلومات)

بۇ ماقالىنى ۋاڭ رۇيجى شۋېتسىيەدە چىقىدىغان «جۇڭگو يىلنامىسى: مايمۇن يىلى» قىسمىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

تەرجىمان: **ئىمىن تاجى تۇرگۇن** (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخ كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

2011.5

# مەككارنىڭ ئاقىۋىتى

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا بىزگە كۆپ يېقىنمۇ ۋە كۆپ يىراق-
مۇ ئەمەس بىر جايدا بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. دېھقان
بوۋاي ئۆمۈربويى ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈ-
رۈپتۇ. بوۋاينىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئۇنىڭغا ئۈچ دانە
گۆھەر مىراس قالغان ئىكەن. ئۆز ھاياتىدا كۆپ يوقسۇز-
لۇق - غۇربەتچىلىك تارتقان بولسىمۇ، بۇ گۆھەرلەرنى
ئۆز ئەجدادىنىڭ قىممەتلىك «تەۋەررۈكى» دەپ بىلىپ،
ئۇنى ئەۋلادلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك يادىكارلىقىغا ئايلاندۇ-
رۇش ئۈچۈن ئەتىۋارلاپ چىڭ ساقلاپ كەپتۇ، كۈنلەر
ئۆتۈپتۇ، بوۋاينىڭ ئۆمرىگە ھاردۇق يېتىپتۇ. بوۋاي ئۆز
ئۆمرىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ «ئاتا -
ئانامدىن قالغان بۇ ئۈچ دانە گۆھەرنى كۆزۈمنىڭ يورۇ-
قىدا ئۈچ ئوغلۇمغا تەۋەررۈك قىلىپ بېرىۋېتەي، قازارا
ئەجەل يېتىپ قالسا گەپ - سۆزۈمنى دەۋالاي، ئارماندا
كېتىپ قالماي» دەپ ئويلاپتۇ.

بوۋاي شۇ كۈنى كەچتە ئۈچ ئوغلىنى خانىسىگە جەم
قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— باللىرىم، مەن بولسام ياشىنىپ قالدىم. بىر
پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، بۇرنۇمغا ئەجەل پۇراۋاتقاند-
دەك قىلىۋاتىدۇ، جان دېگەن تەندە ئامانەت، كۆزۈمنىڭ
يورۇقىدا سىلەرگە قىلىدىغان مۇنداق ۋەسىيىتىم بار، —
بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ يانچۇقىدىن بىر پارچە لا-
تىغا چىرايلىق ئورالغان بىر تۈگۈننى ئاپتۇ. ئۈچ ئوغۇل
ئاتىنىڭ نەسىھىتىگە تەقەززا بولۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇت-
قىنچە بوۋاينىڭ قولىدىكى ھېلىقى تۈگۈندىن كۆزىنى
ئۈزمەي جىم ئولتۇرۇپتۇ، — مېنىڭ بۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ
كەتكۈدەك ئۆز ئەجرىمدىن پۈتكەن باشقا ھېچنىرسەم
يوق، بۇ ھەقتە سىلەر بىلەنلا كۆڭلۈم قانائەتلىنىدۇ، بۇنە-



سى سىلەرگىمۇ ئايان. پەقەت قولۇمدا ئۈچ دانە گۆھەر بار. بۇ گۆھەرلەرنى ئاتامغا بوۋام، بوۋامغا بوۋىسى، ئۇنىڭ بوۋىسىغا بوۋىسى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. تا شۇنىڭدىن بېرى ئۈچ دانە گۆھەر قولدىن - قولغا، بالىدىن - بالىغا، قىسقىسى بۇ گۆھەر بىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەمدىكى ئاتىمىز ئەۋلادلىرىغا ئەبەدىيلىك يادىكار قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن، ئاتام ماڭا يۇقىرىقىنى ئېيتىپ، بىر مۇنچە ۋەسىيەت ۋە نەسىھەت بىلەن گۆھەرنى قالدۇرغان ئىدى (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي). رەھمەتى ئاتام جان ھەلقۇمىغا كەلگەن چېغىدا سەكراتتا يېتىپمۇ «بالام، ھېلىقى ئۈچ دانە گۆھەرنى بۇزۇپ چېچىۋەتمە! ئۇ، ئاتا مىراس، ئۇنى چىڭ ساقلا، ئەزىز كۆز قارىچۇقۇڭدەك ئەتىۋارلا بىل، ئۇ نەسلىمىزنىڭ تەۋەررۇكى ۋە شۇنداق بولغاي، تەقدىر ئەلەم كۈنلەردە بىر كۈنى سەنمۇ مەندەك قېرىپ، ھايات بېغىڭغا قىرو چۈشىدىغان كۈنلەر يېتىپ كەلسە، ئۇنى ئۆز ئوغۇللىرىڭغا مىراس قىلىپ قالدۇر! ۋە ئۇلارغا مەن ساڭا قىلغان نەسىھەتنى قىلىپ بەرگىن، نەۋرەم ئۇنى ئۆز بالىلىرىغا ھەدىيە قىلغاي. شۇنداق قىلساڭ مەن سەندىن ئەۋلى - ئاخىر رازى بولىمەن» دەپ كۆز يۇمغان ئىدى. ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش پەرزەنتنىڭ قەرزى. بالىلىرىم بۇ گۆھەرلەرنى سىلەرگە قالدۇرۇپ كېتەي، ھەرگىز زايە قىلماي، مەندەك ياخشى ساقلاپ بالىلىرىڭلارغا مىراس قالدۇرۇپ كەتكەيسىلەر، ئۇلارمۇ بالىلىرىغا قالدۇرغاي — دەپ نۇرغۇن نەسىھەت بىلەن ۋەسىيەت قىلىپ، ئۈچ ئوغلىغا ھېلىقى ئۈچ دانە گۆھەرنى بېرىپتۇ، راست دېگەندەك بىر قانچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەي بوۋاي باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى قەدرى - ئەھۋال ئۆتكۈزۈپ، بوۋاينىڭ بۇ دۇنيادىكى رەسمىيەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بېجىرىپتۇ. ئۇلار دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاش ھەققىدە بىر - بىرىگە ۋەدە ۋە نەسىھەت قىلىشىپ يۈرۈپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ.

بوۋاينىڭ ئۆمرى ئاخىرقى يىللىرىغا يېقىن قالغان كۈنلەردە، بىر ئادەم بىلەن ھەقەمسايە بولۇپ قاپتۇ. بوۋاي ئەسلىدە ئاقىدىل، مېھرىبان، ساخاۋەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەنكەن. لېكىن ئۇ مەككار ئادەم بولۇپ ساددا بوۋايغا تۈرلۈك - تۈمەن خۇشامەتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىپ ئالغانىكەن. بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي ھەممە كىشىنى ئۆزىدەك دەپ ئويلايدىغان ئادەم بولغاچقا، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئۇنىڭغا يوشۇرماي ئېيتىپ يۈرىدىكەن. نىيىتى يامان، ئالا كۆڭۈل ئۈچ دانە گۆھەر ھەققىدىكى گەپنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن گۆھەرنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە پەيت كۈتۈپ، ھەسرەت يۇتۇپ يۈرگەنىكەن. بوۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ ئالدىراپ قاپتۇ. مەككار بۇ گۆھەرلەرنى قانداق ئۇسۇل ۋە قايسى يول بىلەن قولغا چۈشۈرۈش كويىدا خىلمۇخىل يامان ۋە چىگىش پىكىرلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپتۇ - دە، ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ بىر تۇغقان قېرىنداشنىڭ كۆڭۈل خامانىغا ھەسەت ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىپتۇ.

بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى داۋۇت، ئوتتۇراچىسىنىڭ ئىسمى بەھرام، كەنجىسىنىڭ ئىسمى خەمىت ئىكەن، بىر كۈنى ھېلىقى مەككار داۋۇتنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ ئەكىرىپ تازا مېھمان قىپتۇ ۋە داستىخان ئۈستىدە مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم داۋۇت، بەلكى سەن بىلمىسەڭ كېرەك، مەن ساڭا بەكلا ئامراقمەن. سەۋەب قەدىردان دوستۇم ئاتاڭ رەھمەتى ساڭا قەۋەتلا ئامراق ئىدى (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن)، ئازمايدىغان بىرلا ئاللا دېگەندەك ئاتاڭ رەھمەتى ئالەمدىن كېتەر ۋاقتىدا بىر ئەقىلسىزلىق قىلىپ ئېزىپ كېتىپ قالدى.

ئۇ چوڭقۇر بىر «ئاھ!» تارتىپتۇ. كۈتمىگەن يەردىن «كېتەر ۋاقتىدا بىر ئەقىلسىزلىق قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى» دېگەن بۇ سۆزنى مەرھۇم ئاتىسىغا ھاقارەت دەپ ھېسابلىغان داۋۇت دەرغەزەپ بولۇپ بىر چەكچەيىپ قاراپتۇ - دە، كېيىن غەزىپىنى تەستە بېسىپ:

— ئاتامنىڭ ھېچقانداق ئەقىلسىزلىق قىلغان يېرى يوق ئىدىغۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ.

ئۇ مۇغەمبىرانە بىر ھىجىيىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— توختا ئوغلۇم، ئالدى بىلەن گېپىمنى ئاڭلا، ئاندىن ئاچچىقلانساڭمۇ مەيلى، خۇشامەتكويلۇق بىلەن سۆزىنى داۋام قىپتۇ ئۇ، — سەن ئاتاڭنىڭ تۇنجى ئوغلىسەن،

ئاتاڭنىڭ بىر دىنبىر ۋارىسى، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟!ــ دەپ سوراپتۇ پالاندى.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداقتە، ــ داۋۇت تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

ــ ھەببەللى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ، ئاتاڭنىڭ ھېلىقى ئۈچ دانە گۆھەرنى ساڭىلا قالدۇرۇپ كەتكىنى تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭغا سەنلا ئىگىدارچىلىق قىلساڭ ھەققىي مۇناسىپ ۋە بەلەن ئىش بولاتتى. بىر چاغلاردا ئۇ ماڭا «ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس قالغان ئۈچ دانە گۆھەرىم بار، ئۇنى تۇنجى ئوغلۇم داۋۇتقا مىراس قالدۇرۇپ كېتىمەن، بۇ ئىشقا ئۆزلىرى شاھىت بولالا» دېگەنىدى. كېيىن نېمە بولدىكىن ـ تاڭ، ئاتاڭ بۇرۇنقى ۋەدىسىدىن يېنىپ، ئۇ گۆھەرلەرنى ساڭىلا بەرمەي ھەممىڭلارغا تەڭ بۆلۈپ تۇتقۇزدى، مېنىڭ كۆيۈنۈپ دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ، ھېلىمۇ ھېچقىسى يوق. ئادەم قېرىغاندا ئەقلىمۇ تەڭ قېرىيدىكەن. ئاتاڭمۇ شۇنداق بولغان بولسا كېرەك. قېنى كېيىنچە بىر ئامالىنى قىلارمىز.

داۋۇت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «راست، دادام نېمشقا مۇشۇنداق قىلدى؟ نېمشقا ئەسلىدىكى ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى؟ بۇنىڭدا چوقۇم ئىنىلىرىمنىڭ مەسلىھەتى بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە مەن چوڭ ئوغلى بولغاندىكىن ماڭا مىراس قالدۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟» دەپ ئويلاپ قاپتۇ. داۋۇتنىڭ ئويىنى پەملىگەن مەككار دەرھال سۆز قىستۇرۇپ:

ــ شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ ئوغلۇم داۋۇت، ئۆزۈڭ ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ بىر گەپ قىلىپ باققىنە قېنى؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولمامدىغان، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ داۋۇت.

ــ مېنىڭ گېپىم دۇرۇسمۇ، ئەمەسمۇ ؟

ــ دۇرۇس بولمامدىغان.

ــ ھەببەللى!

ــ مەككار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ۋالاقشىپتۇ:

ــ ئۇنداق ئىكەن، بۇ گۆھەرلەرگە ھېلىمۇ سەن ئىگىدارچىلىق قىلىشىڭ لازىم، قانداق؟ داۋۇت ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

ــ شۇنداق قىلسامغۇ ئوبدان ئىش بولغان بولاتتى، بىراق ئىنىلىرىم نېمە دەركىن ـ تاڭ، بىلەلمىدىم.

ــ ئۇلارغا ئېيتماقچىمۇ سەن؟ تېخى نادانسەن ـ دە، ئۇلارغا ئېيتساڭ بەلكىم ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئاللىبۇرۇن سېنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ گۆھەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنىڭ يوشۇرۇن يوللىرىنى تېپىپ بولدىغۇ دەيمەن! ــ ئۇ داۋۇتنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپتۇ:

ــ شۇنداقمۇ قىلارمۇ ؟ ــ داۋۇت تەئەججۇپ ئىچىدە گادىرماچ سۆزلەپتۇ.

ــ ساددا سەن ـ دە، ئوغلۇم، ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭدەك ۋاپادار دەپ ئويلامسەن، بۇ دۇنيادىكى كىشىلەردە



ۋاپا دېگەن نەرسە زادىلا يوق بالام.

— ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولار؟ ئۇلار ماڭا راست شۇنداق يامان نىيەتتە بولارمۇ؟

ئۇ جەزمەنلىك تەلەپپۇزى بىلەن:

— بولارمۇ دەيسەنغۇ، ئۇلار ماڭا شۇنداق قىلارمۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇلار ئاللىقاچان شۇنداق قىلىپ يول تېپىپ بولدى. قايسى كۈنكى، ئىشقىلىپ بۈنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ شۇ ھەقتە قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم، شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، بۈگۈن ئاتايىن بۇ يەرگە چاقىرىپ بۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرماقتىمەن.

— ئۇلار نېمىلەرنى دېدى، ئىلدام ئېيتسىلا ئاتا؟ — داۋۇت ئالدىراپ سوراپتۇ.

— ھەي تۈن يېرىمى بىلەن تەرەتتىم قىستاپ سىرتقا چىققان ئىدىم. قارىسام بەھرامنىڭ ئۆيىدە چىراغ ئۆچمەپتۇ. يېقىن بېرىپ ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسام بەھرام بىلەن خەمىت بىر نېمىلەرنى پىچىرلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن، كۆڭلۈمگە «گۈپ» پىدە بىر گۇمان كەلدى ـ دە، قۇلاق سېلىپ تىڭشىدىم، ھەي! ئۇلارنىڭ نىيىتى نېمىدېگەن يامان، نېمىدېگەن ۋەھشىي! خۇدا ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىدىن پاناھ بەرگەيسەن!

ئۇ چوڭقۇر ئاھ ئۇرۇپ سۆزلەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ داۋۇتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بوپتۇ ـ دە، دەرھال سوراپتۇ:

— تېز ئېيتسىلىچۇ، ئاتا. ئۇلار زادى نېمە دېيىشتىكىن؟

— ھەي ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىلغا ئېلىشمۇ بىر گۇناھ. دېمىسەم سېنىڭ ياش جېنىڭغا زامىن بولىمەن. خەيرىيەت، سەن ئاڭلاپ قوي. ئۇلار: «بىز ۋاقتىنى ئۇزاققا سوزماي ئاكامنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ گۆھەرنى ئىككىمىز تەڭ تەسەررۇپ قىلايلى» دېيىشتى.

— ۋۇ مۇناپىقلار! مەن سەنلەرنى بوغۇزلاپ تاشلىمايدىغان بولسام! — ئۇ شۇنداق غەزەپلىنىپتىكى كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ، قارىچۇقى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە تالاغا يۈگۈرۈپتۇ. بۇنى كۆزگەن مەككار دەرھال ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە كۆڭلىدە بىر ۋەھشىي نىيەتنىڭ شادلىقى تەنتەنە قىپتۇ.

— ئالدىرىما ئوغلۇم، «ئويناپ قىلساڭمۇ ئويلاپ قىل» دېگەن سۆز بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل كېرەككى، ھەرگىزمۇ قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ. سەن ھەرنە قىلغان بىلەن بىر، ئۇلار ئىككى. شۇڭا ئۇلارنى تۈيدۇرماي ئوجۇقتۇرساڭ غالىب كېلىسەن. قاراملىق قىلساڭ چوقۇم ئورىغا چۈشىسەن.

— ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولار؟ — سوراپتۇ داۋۇت.

— توختاپ تۇر، — مەككار بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋۇتنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ. بۇ ئەقىلدىن ھەر ئىككىسى رازى بولۇشۇپتۇ.

داۋۇت مەككارنىڭ ئەقلىگە يۈز مىڭ مەرتە تەھسىن ۋە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. داۋۇت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەككار «ھۇي ئاناڭنى، ئاشۇنداق قىلمايدىغان بولسام» دەپ پىچىرلاپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئۆگۈنىسى كەچ گۇگۇم چۈشكەن پەيتتە كەنجى ئوغۇل خەمىت مەككارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— خەمىتساددا ۋە سەممىي ھالدا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. كەل ئوغلۇم، كەل، — دەپتۇ مەككار ۋە ئۇنى «قىزغىن» قارشى ئاپتۇ. كۆپ تەكەللۇپتىن كېيىن خەمىت تۆردىن ئورۇن ئېلىپتۇ. مەككار خەمىتكە ئاتىلارچە «مېھرىبانلىق» بىلەن نەزەر تاشلاپ، چوڭقۇر بىر ئاھ تارتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپ سۆزلەپتۇ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ سېنى نېمىگە چاقىرغانلىقىمنى بەلكىم بىلەلمەيۋاتىسەنغۇ دەيمەن. ئالدىرىماي تۇر. سەن مېنىڭ ئۆز بالام بولمىساڭمۇ، لېكىن ئۆز بالامدىن چارىسەن. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، ئاۋۋال ئازتولا غىزالىنىۋالايلى. ئاندىن باشقا گەپنى قىلىشارمىز. ئەمما ناھايىتى مۇھىم گەپ. سېنىڭ ھاياتىڭ ۋە كەلگۈسى بەخت ـ سائادىتىڭگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر ئىش، بىردەم تەخىر قىل. ھازىرلا ئاڭلايسەن.

داستىخان تارتىلىپ توخۇ گۆشى باسقان پولۇ گۈللۈك لېگەندە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ تاماققا تۇتۇنۇپتۇ. ئەپسۇسكى خەمىتنىڭ خىيالى چېچىلغان ئىكەن. «مېنىڭ ھاياتىم، ئىستىقبالىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانداق گەپ بولغىيتتى بۇ؟»



2011.5

دېگەن خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ تاماقنى قەيېرىگە يېگەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان ئىكەن.

ئۇلار ياراتقۇچى ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا ئوقۇشۇپ داستىخاننى يىغىپتۇ. خەمىتنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككە بولۇپ تەقەززالىنىپ سوراپتۇ:

— ئاتا، مېنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئاشنى قەيەرگە يېدىمكىن تاڭ، تېزرەك بولسىلا، مېنىڭ ھاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك قانداق مۇھىم ئىش بار ئىدىكىن؟

— ھەي! — مەككار چوڭقۇر خۇرسىنىپ سۆزىنى باشلاپتۇ، — سەن تېخى گۆدەك، بۇ دۇنيا رەزىل، بۇ جەمئىيەت قان - يىرىڭ بىلەن تولۇپ كەتكەن. ۋاپاسىز دۇنيا. ھەي ۋاپاسىز دۇنيا! بۇ دۇنيادا يات ئادەملەر ساڭا قەست قىلىسىغۇ مەيلى، ئادەمنىڭ ئەڭ ئېچىنىدىغىنى ئۆز قېرىندىشىڭنىڭ ۋەھشىي غەرەزلىرى ۋە مۇدھىش قەستى، قارىماسەن ئوغلۇم، بۇ سېنىڭ ئىككى ئاكاڭ داداڭدىن قالغان ئۈچ گۆھەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش يولىدا سېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشتىن يانمايدىغاندەك تۇرىدۇ ئەمەسمۇ !؟

خەمىت چۆچۈگەن ھالدا سوراپتۇ:

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— راستىلا چۈشىنەلمەيۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا قۇلاق سال: ئۇلۇشكۈن چوڭ ئاكاڭ ئۆيۈمگە كىرگەن ئىكەن، ئۇ ماڭا: «سىز بىزگە ئۇزاق يىللىق قوشنا ۋە مەرھۇم دادامنىڭ سىردىشى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، دادامدىن ئۈچ دانە گۆھەر قالغان ئىدى. رەھمەتلىك دادام قېرىغاندا ئالجىدىمۇ نېمە؟ ئۇنى ئۈچىمىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولغاندىكىن گۆھەرلەرگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىشىم لازىم ئىدى. بىراق دادام نېمىشقىدۇر شۇنداق ئەقىلسىزلىق بىلەن دۇنيادىن كېتىپ قالدى. مەن سىلىدىن ئۆتۈنەي. شەرىئەت ئالدىدا بۇ ئۈچ دانە گۆھەرنىڭ دادامدىن ماڭا قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ گۆھەرلەرنى ماڭا ئېلىپ بەرسىلە. مەن سىلىنى رازى قىلىسام» دېگەندەك بىر مۇنچە گەپنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى دېسەم بۇنى دەيدۇ، بۇنى دېسەم ئۇنى دەيدۇ. ئاخىرىدا غەزەپ - قەھرىم تۇتقان ئىكەن. ئۆزۈمنى باسالماي:«ئادەممۇ سىز، ياكى نېمە؟ سىزدە ئىنساب بارمۇ - يوق، ئويلاپ بېقىڭ، سىز دادىڭىزنىڭ تۇنجى ئوغلى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇنىڭدىن قالغان مىراستىن

ئىككى ئۇكىڭىزغا قارىغاندا، جۈملىدىن خەمىتكە قارىغاندا كۆپرەك بەھرىمەن بولدىڭىز. ھەقىقىي گەپنى قىلغاندا سىز دادىڭىزدىن كۆرگەن ھىممەتلەر بىلەن قانائەتلىنىپ مىراس دەۋاسى قىلمايلا قويغىنىڭىز تۈزۈك. مېنىڭچە ئۈچ گۆھەرنى ئەسلىدە دادىڭىز كىچىك ئوغلى خەمىتكە مىراس قالدۇرۇپ كېتىشى لازىم ئىدى، ئۇنى خاتا قىلدى دېيىشكە توغرا كەلسە شۇنى دېسە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىز تولا داۋراڭ سالماي، كەڭ قورساق بولۇپ، گۆھەرلەرنىڭ ھەممىنى كىچىك ئىنىڭىزغا بېرىشىڭىز لازىم» دېدىم. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى؛ ئىمكانىيىتى بولسا مېنى يەۋەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازىدىن مەن قورقۇپ، كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي ئاستا تالاغا چىقتىم - دە، تىڭتىڭلىدىم، قارىسام ئاكىڭىزنىڭ ئۆيىدە چىراغ ئۆچمەپتۇ. ئۆيىدە بىر كىملەرنىڭ بىر نېمەلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى چالا-پۇلا ئاڭلاپ قالدىم. يېقىن بېرىپ تىڭشىدىم. ھەي، خۇدا ئۆزۈڭ پاناھ بەرگەيسەن، ئۇلارنىڭ يامان نىيىتى بىلەن ئۇ يەردە بولغان سۆزلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىش بەكمۇ قىيىن، شۇنداق بولسىمۇ ساڭا ئېيتمىسام بولمايدۇ، چۈنكى بۇ سۆزلەر سېنىڭ ھاياتىڭغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دېگىنە.

خەمىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە تاقەتسىزلىنىپ دەرھال سوراپتۇ:

— تېزرەك دېسىلچۇ، ئاتا! ھېچ سەۋرىم قالمىدى. يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىۋېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ھاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك زادى قانداق گەپكەن ئۇ؟ — خەمىت چەكسىز ھاياجانلىنىپ سوراپتۇ.

— ھەي دەي دېسەم تېخى، دېمەي دېسەم تېخى. چوڭ ئاكاڭنىڭ ئايالى بىلەن قىلىشقان گېپىدىن قورقتۇم. قانداقچە دېسەڭ، مەن ئۇلارغا «گۆھەرلەرنى خەمىتكە بېرىشى كېرەك» دېگەن ئىدىم، شۇڭا ئۇلار گۆھەرلەرنىڭ ساڭا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر ياخشى چارە ئۇلار سېنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۇزىتىپ قويىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ھە؟!

— ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

خەمىت بىردەم ئويلىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ گۆھەر تامايىم يوق، ئاكامنىڭ مۇنداق

قارا نىيەتلىك قىلىشقا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن ئىنسانچىلىقتا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئازغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ يولى ئاسان. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۈپ، گۆھەرلەرنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىشنى ۋەدە قىلسام ۋە ئىككىلى ئالەم دەۋاسىز ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرسەم بولمىدىمۇ؟!

— تېخى كىچىك سەندە ئوغلۇم، — مەككار ۋالاقلاشقا باشلاپتۇ، — دەرۋەقە كىچىك - گۆدەك بولغانلىقنىڭ تۈپەيلى كۆپ ئىشلارغا ساددىلىق بىلەن قارايسەن، بىلىشىڭ لازىمكى، دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەمىشە سەن ئويلىغاندەك بولۇۋەرمەيدۇ. ناۋادا سەن ئۆزۈڭنىڭ گۆھەردىن تاماسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرسەڭ ئۇ شۇنىڭ بىلەن يامان نىيىتىدىن يانسىمۇ مەيلى، مۇبادا ئۆزىنىڭ يامان غەرىزىدىن سېنىڭ خەۋەردار بولۇپ قالغىنىڭنى ئۇقۇپ قالسا، بىكاردىن بىكار ئۇخلاپ ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى سىلاپ ئويغىتىپ ئۆز ئەجىلىڭنى تېزلەتكەن بولماسەن، قانداق؟

خەمىت بۇ سۆزنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىمۇ باشقا چارە ئىزلەپ تاپالماي مەككاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— مېھرىبان ئاتا، ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، ئاتام رەھمەتىدىن كىچىك قالدىم. ئۆزلىرى ئەقىللىق ئادەم. مەرھۇم ئاتامنىڭ روھىمۇ سۆيۈنۈپ قالغاي، ئۆزلىرى ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ بىر ياخشىراق مەسلىھەت بەرسىلە.

— قېين، بەك قېين! — مەككار بىر پەس ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن، خەمىتنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ سۆزلىرى خەمىتكە ياققان بولسا كېرەك، چىرايىدا ھەم شادلىق، ھەم ئېچىنىش ئارىلاش تەبەسسۇم پەيدا بوپتۇ ۋە تەكرار سوراپتۇ:

— شۇنداق قىلسام بولارمۇ- ھە ئاتا؟

— ئەلۋەتتە تەقدىر ئىلاھى بىلەن شۇنداق قىلساق، ئىنشائاللا رەببىم ئۆزى نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ! — شۇنىڭدىن كېيىن خەمىت خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مەككار ئۆز ئەقلىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھىجىيىپ يەنە بىر مەككار خىيالغا غەرق بوپتۇ.

ئەتىسى ناماز خۇپتەن بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغۇل بەھرام، مەككارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. مەككار ئۇنى قىزغىن مېھمان قىپتۇ ۋە داۋۇت بىلەن خەمىتكە قىلغانغا ئوخشاش بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلىپ ئاكىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ يامان نىيىتىدىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. بەھرام دەسلەپتە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن مەككارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، بۇ ئىشتا ئۆزى دەررۇ بىر ئەقىل تاپالماي مەككاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. مەككار داۋۇت بىلەن خەمىتنى قانداق يول بىلەن رام قىلغان بولسا، بەھرامنىمۇ ئۆزىگە شۇنداق رام قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر تۈرلۈك پىنھان مەسلىھەت بېرىپ يولغا سېپتۇ، شۇنداق قىلىپ مەككار بىر قاتار نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۈچ بىر تۇغقان داستىخاندا ئولتۇرۇپ شىكارغا چىقىشنى دېيىشىپتۇ ۋە دەرھال سەپەرگە تەرەددۇت قىپتۇ. ئۇلار راۋۇرۇس ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولغا راۋان بوپتۇ، بىر يەرنى قونالغۇ قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئەپلىك بىر يەرگە ئورۇن راسلاپ تۈنەپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپ قۇياش يەر- جاھاننى ئالتۇن نۇرى بىلەن كۆمۈپتۇ. ئۇلار مۇشۇ يەرنى شىكاردىن يانغۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇرار جاي قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئوۋ ئوۋلاپ گۆش تېپىپ كېلىدىغان، بەھرام ئوتۇن تېپىپ كېلىدىغان بولۇپ يۈرۈپ كېتىپتۇ، خەمىت قونالغۇدا قاپتۇ.

خەمىت ئۆزى كىچىك ئوغۇل بولۇشىغا قارىماي، ئىككى ئاكىسىغا قارىغاندا قاۋۇل قۇۋۋەتلىك ئىكەن. ئۇ ئاكىلىرىنى يولغا سېلىۋېتىپ قونالغۇ جاينىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. يېرىم كۈن شۇنداق قاتتىق ئىشلەپ، بىر نەچچە گەز چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قېزىپتۇ. قۇدۇقنىڭ تېگىگە بىلەكتەك - بىلەكتەك قوزۇقلارنى ئۇشلاپ قېقىپ، قۇدۇقنىڭ ئۈستىنى شاخ - پاخاللار بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى پۇختا، كىشى بىلمەيدىغان قىلىپ پۈتكۈزۈپتۇ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ پۇرسەت كۈتۈپتۇ ۋە كۆڭلىدە مەككارنىڭ پاراسىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ئاكىلىرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ مۆكۈپ تۇرۇپتۇ.

داۋۇت بىر كۈن يۈرۈپ بىر كېيىكنى ئوۋلاپ، تولۇمچە قىلىپ سويۇپتۇ - دە، گۆشكە پۈتۈنلەي زەھەر سېپىپ قونالغۇغا قاراپ يول ئاپتۇ، ئىچىدە: ئەمدى بۇ

ئىككى هارامزادىنى مۇشۇ گۆش بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتى-
مەن، دەپ ئويلاپتۇ ۋە بۇ ئەقىلنى كۆرسەتكەن مەككارغا
ئىمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي تېز قەدەم بىلەن گۆ-
ھەرنى پاتراق قولغا چۈشۈرۈشكە ئالدىراپ نەپسىنى تاقىلى-
دىتىپ مېڭىپتۇ. ئۇ چاتقاللىقلارنى ئارىلاپ كېلىۋاتقاندا
بوينىغا «گاچ» قىلىپ پالتا تېگىپتۇ ـ دە، بېشىنىڭ تېنىدىن
قانداق جۇدا بولغانلىقىنى ئۇقمايلا قاپتۇ، بەھرام ئۆتكۈر
پالتىسى بىلەن ئاكىسىنى قەتلە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئا-
كىسى ئېلىپ كەلگەن گۆشنى ئېلىپ چۈشكەن يېرىگە
قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە مەككارنىڭ كۆر-
سەتكەن ئەقلىدىن خۇرسەن بولۇپ، «ئۇنى چوقۇم رازى
قىلىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بۇ ئىشنى ئېيتمىغان بولسا مەن
ئاللىقاچان ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەن بولاتتىم. ئاكامنىڭ
ئوبدان يولغا سالدىم. ئەمدى خەمست قالدى. ئۇنىڭ
بىلەن ئېلىشىپ بەس كېلەلمەيمەن، ئەڭ ياخشىسى تۇيدۇ-
رماي جايلاش، هازىر بەك ھېرىپ كەتتىم، يا ئۇ غىزا-
لىنىپ بولۇپ ئۇخلىغاندا ياكى كېچىگىچە بىر تەرەپ
قىلاي» دېگەنلەرنى ئويلاپ چۈشكەن يېرىگە قايتىپتۇ.
بەھرام «خەمست» دەپ ئىنىسىنى چاقىرغان ئىكەن كۆ-
رۈنمەپتۇ. ئۇ ئېلىپ كەلگەن گۆشنى يەردە قويۇپ كەينىگە
قاراپ ئالدىراپ قەدەم باسقان ئىكەن، خەمست كولاپ
قويغان قۇدۇقنىڭ پاخاللىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەھەننەمگە
چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى يىراقتا كۆرۈپ تۇرغان
خەمست خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، يۈگۈرۈپ كەل-
گۈدەك بولسا بەھرام قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى قوزۇقلارغا
سانجىلىپ ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن.

ئۇ بايا داۋۇتنىڭ بەھرام تەرىپىدىن قانداق ئۆلتۈ-
رۈلگەنلىكىنى چاتقاللىقتا مۆكۈپ تۇرۇپ كۆرۈپ تۇرغان
ئىكەن. شادلانغان هالدا ئۈچ دانە گۆھەرنى قولغا ئېلىپ
يۈرىكىگە تېگىپتۇ ۋە دەرهال يۈك ـ تاقىلىرىنى يىغىشتۇ-
رۇپ يولغا راۋان بولماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا قورسىقىنىڭ
ئاچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بىر ئاز غىزالىنىپ ئاندىن
يۈرۈشنى ئويلاپتۇ. ئاكىسى ئەكەلگەن كېيىك گۆشنى
شورپا قىلىپ تويغۇچە يەپ، شورپىنى قانغۇچە ئىچىپتۇ.
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بېشى قېيىشقا باشلاپتۇ. يۈرەكلىرى
ئېچىشىپ، ئىللىرى ساڭگىلاپ، دات ـ پەريات كۆتۈرۈپ
ئاچچىق ئېگراشقا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرىدىن
يەر ـ زېمىن ۋە كۆك لەرزىگە كەپتۇ. زەھەرلەنگەن خەمست
ئاچچىق ـ ئاچچىق چىرقىراپ، تولغىنىپ ـ تولغىنىپ كۆزد-
نى يۇمۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە هېلىقى مەككار
پەيدا بولۇپ گۆھەرنى باغرىغا تېڭىپ، گۇلقەقەلىرى ئې-
چىلغان هالدا يولغا راۋان بوپتۇ.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئوغۇللارنىڭ باقىي ئالەم-
دىكى ئاتىلىرى بوۋىسى خۇدانىڭ دەرگاھىدا غەليان كۆتۈرۈپ
ئىنتىقام ئېلىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. تەڭرى ئۇلارغا ئىجا-
زەت بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەككاردىن ئاڭلايلى: ئۇ گۆھەرلەرنى
قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز ئەقلى ـ كا-
رامىتىدىن سۆيۈنۈپ، گۆھەرلەرنى ئالىقىنىدا سىلاپ، ئۇ-
نىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئالدىراپ ئۆيىگە كېلىۋاتقان
ئىكەن. ئالىقىنىدىكى هېلىقى گۆھەرلەر «پۇرردە»
ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بۇ ئۈچ دانە گۆھەر ئۈچ ئاق-
ساقال بوۋايغا ئۆزگىرىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەككار
هەيرانۇ ـ هەس بولۇپ ئەقلى ـ هوشىنى يوقىتىپ قويغىلى
تاس قاپتۇ. هېلىقى ئۈچ بوۋاي چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان
هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەپتۇ. ئۇلار بارغانچە يو-
غىناپ باشلىرى ئەرشىئەلاغا تاقىشىپتۇ. مەككار قورقۇپ
تۇرغاندا بۇ ئۈچ قاۋۇل بوۋاي شۇنداق نىدا قىلىپتۇكى:—
ئەي يۈزسىز، قارا يۈز مەككار! سەن نېمىشقا ۋاپاغا جاپا
قىلىسەن؟ سەن ماكانسىز قالغاندا بىز ساڭا هەممىنى
بەردۇق، نان بەردۇق، كىيىم بەردۇق، قىسقىسى بىز
سېنىڭ هاياتىڭغا كېپىل بولدۇق. ئەپسۇسكى سەن خىلمۇ-
خىل رەزىل ئويۇنلارنى ئويناپ، گۇناھسىز نەسلىمىزنى
قەست بىلەن ئۆلتۈردۈڭ. خۇدا سېنى ۋەيلۇن دوزاخقا
بۇيرۇدى! بۇ نىدا شۇنداق قاتتىق ياڭراپتۇكى، دەريالار
داۋالغۇپ، تاغۇ ـ تاشلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئورمان-
لار شاۋقۇن كۆتۈرۈپتۇ. مەككار ئالاق ـ جالاق بولۇپ
كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا هېلىقى گۆھەردىن هاسىل بولغان
ئۈچ بوۋاي كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۈچ بۈيۈك تاغقا
ئايلىنىپتۇ ۋە مەككارنى ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ كەپتۇ.
ئۇنى شۇنداق دەھشەت غەزەپتە قىسىپتۇكى ئېزىپ مىجىق-
نى چىقىرىپ تاشلاپتۇ ۋە بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ يوقىتىپتۇ.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىن ئاخۇن**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال**



# ئۇيغۇرلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى



مامۇت قۇربان

## 1. ئەئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى

بوياقچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئەينەكنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە سودىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭ خەلقى ھەر خىل مەدەنىيەت سەھىپىلىرىدىن بولغان پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز مۆھتىنى ياخشىلاپ ھۆسن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ مول مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى. بولۇپمۇ كۇچا ۋە ئىدىقۇت ئەتراپلىرىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە بىر قەدەر مول مەدەنىيەتلەرگە ئىگە ئىدى. كۇچا ۋە بايدىكى مىڭئۆيلەر، تۇيۇق غارلىرىدىكى رەسىملەر، قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىۋېلىنغان بوياق ۋە پەرداز بۇيۇملىرى ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوياقچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولغان پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى.



ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئەتىرگۈل، ئانارگۈل، ئانار پوستى، زاراڭزا چېچىكى، خېنە چېچىكى، خېنە سىيادان، ئوسما، جىگدە يېلىمى، قاپاق ئۇرۇقى، تەرخەمەك، سەبدە (ئالۇي)، بال (ھەسەل)، بەندال (قازان يۇغۇچ)، بەدرەڭ، بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ياڭاق مېغىزى پاسلى، تۇخۇمەك گۈلى، شاپتۇل چېچىكى، قارىگۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈك رەڭلىك ماددىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن پەرداز بۇيۇملىرىنى ياساپلا قالماي، يەنە گىرافت (سلىيۇدا)، سۇرمە (سىتى ئوكسىد)، ئاق سېغىز، كۆك سېغىز، قوغۇشۇن ئېقى (قوغۇشۇن ئۇپا) قاتارلىق مەدەنلەرنى يانجىپ ئۆسۈملۈك بوياقلىرى بىلەن مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇپا، لەۋسۇرۇخ ۋە لاكلارنى ياسىغانىدى. ئۇلار يەنە ئىپار، ئەنبەر، سالاجىت، قۇستە، ئارچا، قەلەمپۇر مېيى، مەستىكى رۇمى، مىئە سائىلە (سىلارەس)، دارچىن، ئۆد ھىندى، يەسمەنگۈل، كامفورا، ئىگىر قاتارلىق پۇراقلىق ماتېرىياللارنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ھەر خىل رەڭلىك، خۇش پۇراق پەرداز بۇيۇملىرىنى ياساش ھۈنەرلىرىنى بىلەتتى. بۇ خىل پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغانىدى. قىزىلگۈل (گۈلسۇرۇخ)، زاراڭزا چېچىكى، ئىپار، ئوسما، ئەنبەر، سۇرمە، سېغىز تاش، ئۇپا (قوغۇشۇن ئېقى)، خېنىلەر ئەڭ ئىپتىدائىي پەرداز بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا بازىرى ئىتتىك پەرداز بۇيۇملىرىنى ياساشنى بىلەتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن پەرداز بۇيۇملىرىنى ئۆسۈملۈك پەرداز بۇيۇملىرى، مەدەن پەرداز بۇيۇملىرى ۋە ھايۋان پەرداز بۇيۇملىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### (1) ئۆسۈملۈك پەرداز بۇيۇملىرى

ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-، 3- ئەسىرلەردىلا زاراڭزا چېچىكى، ئانار پوستى، ئەتىرگۈل، خېنە، سىيادان، زەيچۇە، ئوسما، بادام، قارىگۈل، ئىگىر، ھەلىلە قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل

پەرداز بۇيۇملىرىنى كەشپ قىلىپ سودا يوللىرىدىكى ئۆ-
تەڭلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

قىزىلگۈل بويىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوياق
تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «قىزىلگۈل رەڭ ماددىسى
بىلەن قوي ماي ياكى يېلىمنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇ-
رۇپ ياسالغان»①. قىزىلگۈل (ئەتىرگۈل) تەركىبىدە
قىزىل رەڭلىك پىگمېنت (رەڭ ماددىسى) بىلەن سېرىق
رەڭلىك پىگمېنت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى
قىزىل رەڭلىك پىگمېنت بولۇپ، ئۇ ئىشقارلىق شارائىتتا
ئېرىپ، كىسلاتالىق شارائىتتا چۆكمە ھاسىل قىلغانلىقتىن،
ئەجدادلىرىمىز قىزىلگۈلنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىدىن پايد-
ىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۈزۈم ياكى لىمون شەربىتىنى قوشۇپ
نوكچا بوياقلارنى تەييارلىغان بولسا، مەدەن بوياقلارنى
مەلۇم نىسبەتتە قوشۇپ كۆكۈن شەكىللىك بوياقلارنى تەي-
يارلىغان ئىدى. ئۇ خىل بوياقلارغا قوي ماي، ئۆچكە ماي-
لىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ لەۋسۇرۇخ، ئۇپىلارنى تەييارلىغان.
ئۇنىڭغا كۆك سېغىز، ئاق سېغىزلارنى مەلۇم نىسبەتتە ئا-
رىلاشتۇرۇپ ئۇپا تەييارلاپ ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇرلار زاراڭزا چېچىكىنى بىنەپشە رەڭلىك
شېللاك قۇرتىدىن تازىلاپ ئالغان خۇش پۇراق سۇيۇق-
لۇق (ھىندىچىندىكى ئاز بولمىغان دەرەخلەردە بولىدىغان
شېللاك قۇرت) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ لەۋسۇرۇخ ئالغان
بولۇپ بۇ خىل بوياق ئەينى زامانلاردا ھىندى تىلىدا لاك
(lakka) دېيىلىپ يىپەك بوياقلىقى ۋە پەرداز بۇيۇمى سۈپە-
تىدە ئىشلىتىپ كېلىنگەن بىنەپشە قىزىل رەڭلىك بوياق
ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئىقلىمى قۇرغاق، شاملى كۆپ بۇ رايوندا
ياشاش ئۈچۈن ئۆزىگە كېرەكلىك ھەر خىل پەرداز بۇيۇمـ-
لىرىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى مە-
دەنىيەتلىرىنى بېيىتقان ۋە كۆپ تەرەپلىمە مەدەنىيەت يا-
راتقانىدى. ئۇلار ئىسسىق، سوغۇق شامالدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولغان
بەندال، قاپاق ئۇرۇقى، ئوسما، خېنە، قۇرۇق ئۈزۈم،
تەرخەمەكلەرنىمۇ تاكى ھازىرغىچە پەرداز بۇيۇملىرى سۈ-
پىتىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز تومۇز ئىسسىق
كۈنلەر ۋە ئورما مەزگىللىرىدە كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈ-
شىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەرخەمەك ئۇرۇقىنى قول-پۇت
گەدەنلىرىگە سۈرۈپ، قوياش نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن
ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، ئەتىياز مەزگىللىرى قۇرۇق ئۈ-
زۈمنى نەمدەپ گەدەن، بىلەكلىرىگە سۈرۈپ، قوياش
نۇرى ۋە شامالدىن ساقلىنىشنىڭ پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە
ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تەرخە-
مەك، قاپاق ئۇرۇقى، ئۈزۈم قىيامىلىرىنىڭ تېرىنى ئاسراش
رولى بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللار يۈزىدە تۇغۇتتىن قالغان
داغلارنى چۈشۈرۈشتە، ئانىلىرىمىز ئاق چېچەك (كاسنى)
نى قېتىققا چىلاپ، بىر كېچە -كۈندۈز قويۇپ ئۇنى ئېچە-
تىپ، يۈزىگە سۈرۈش ئارقىلىق داغلارنى يوقىتىپ، تېرىنى
پارقىرىتىش ئۇسۇلىنىمۇ بىلەتتى. بۇ خىل رېتسېپ ئەينى
ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان
كۇچا خەلقى ئىچىدە كەڭرى تارقالغان بولۇپ، تاكى ھا-
زىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرداز
بۇيۇملىرىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى
بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلار پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ رولى
توغرىسىدا خېلى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈ-
شەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرداز بۇيۇملىرىنى تەييارلاش ئۇ-
سۇلىدا ھازىرقى زامان پەرداز بۇيۇملىرىنى تەييارلاش
ئىزنالىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار قاچاندىن بېرى ئوسمىنى تونۇپ، ئۇنى
قاش قارايتىشنىڭ پەرداز بۇيۇمى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى
توغرىسىدا ھازىرچە بىرەر تارىخىي يازما ماتېرىيال بولمى-
سىمۇ، لېكىن ئوسمىنىڭ پۈتۈن خەلق ئىچىدە ھېچقانداق
چەكلىمىسىز ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ
پاكىت، ئوسمىنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كامىدا 3000 - 3500
يىلدىن ئارتۇق ئىشلىتىش تارىخى بارلىقىنى چۈشەندۈر-
دۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسلان-
غاندا قەدىمكى خوتەندە قاتتىق ئوسما (قەلەمچە ئوسما)
خېلى بۇرۇنلا بولغانىكەن.

خېنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ
بىرى بولۇپ، نۆۋەتتە خېنىنىڭ پاكىستان خېنىسى، شىنجاڭ
خېنىسى دېيىلىدىغان ئىككى خىل تۈرى بولۇپ، پاكىستان-
دىن يەنە كۆك رەڭلىك خېنە ئۆسۈملۈكى چىقىدىغانلىقى
توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. خېنە تەركىبىدىكى سېرىق
رەڭلىك پىگمېنت زەمچە (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات) بار شارا-
ئىتتا تىرناق ۋە ئالىقاندا قېنىق قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك

رەڭ پەيدا قىلدىغانلىقىنى ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇ-
رۇنلا بايقىغان. مانا بۇ ئۆسۈملۈك پىگمېنتلىرىنىڭ مىنېرال
ماددىلاردا ئېرىپ، قېنىق رەڭلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىد-
غانلىقى توغرىسىدىكى بىر بايقىلىش بولۇپ، بۇ خىل بايقى-
لىش بوياقچىلىق ساھەسىدە بىر بوش ئورۇننى تولدۇرغان-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار خېنىنى زەيچۇە بىلەن بەل-
گىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، چاچ بويىقى قىلىپ ئىشلەت-
كەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار ۋە ھېلىھەم ئىشلەنمەكتە.
بۇ خىل بوياقنىڭ چاچ ئۆستۈرۈش، ئاشقازاننىڭ ھەزىم
قىلىش رولىنى ياخشىلاش، قول تەرلەشنى تۈگىتىش رولى
بارلىقىنى بايقىغان. «ئۇلار بۇ خىل بوياق بىلەن چاچنى
سېرىق، قىزىل، قوڭۇر رەڭلەردە بويىغان» ② ئىدى.

خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان چاچنى
قارايتىش ۋە ئۆستۈرۈش رولى بولغان پەرداز بۇيۇملىرى-
دىن يەنە سىيادان مېيى بىلەن جىگدە يېلىمى؛ شاپتۇل مې-
غىزى بىلەن بادام مېغىزى؛ ئانار پوستى بىلەن ياڭاق مېغى-
زىنىڭ پاسلى؛ ئانار پوستى بىلەن قىزىل تۆمۈر رۇدىسى-
دىن ياسالغان كۆك قارا رەڭلىك بوياق؛ قارىگۈل (لەيلى-
گۈل) قاتارلىق بوياقلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇد-
دەتلىك تارىخىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق چاچ ئۆستۈرۈش
خۇسۇسىيتى بولغان، قوشۇمچە تەسىرى بولمىغان تەبىئىي
بوياقلارنى ئىشلەتكەن. ھازىرقى زامان خىمىيە ئانالىزىمۇ
بۇ خىل بوياقلار تەركىبىدە ھەقىقەتەن چاچ ئۆستۈرۈش،
چاچ قارايتىش خۇسۇسىيتىگە ئىگە ھورمۇنلار بارلىقىنى
ئىسپاتلىدى.

غەربىي يۇرتتىن «ئوسما، خېنە، ئۇپا، سۇرمە قاتار-
لىق ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە دا-
ۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇراتتى③. ئۇيغۇرلار مىلا-
دىدىن 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەردىن ئىلگىرى قاش ـ كىرپىكلىرىنى
قارايتىش، قېشىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەركىبىدە گىرافت
ياكى سۇرمە بولغان قارا رەڭلىك يېلىمسىمان مايلىق بوياق
(شېللاك قۇرتىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان لاك)نى ئىشلەتكەن-
لىكى، بۇ خىل لاكنىڭ قارامتۇل، جىگەررەڭ، يېشىل قاتار-
لىق تۈرلىرى بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نادىر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغە-
تت تۈرك»نىڭ 1 ـ توم، 38 ـ بەتتە «تۈركىي تىللارغا
كىيىن كىرگەن سۆزلەرنى يازمىدىم» دېگەن مەلۇماتىدىن
قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۆپلە-
گەن پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللار بىلەن
تونۇشقانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتت
تۈرك» 1 ـ توم، 117 ـ بەتتە «ئۇپا»؛ 156 ـ بەتتە
«ئەڭلىك»؛ 163 ـ بەتتە «ئۆلەم» (ئوردان، رويان، ئال-
زارىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛ 568 ـ بەتتە «سەندەل سۇرۇخ»
(قىزىل سەندەل)لار تىلغا ئېلىنغان بولسا، 2 ـ توم، 406 ـ
بەتتە «ئۇپىلىنىش»، «ئۇپا ـ ئەڭلىك»... دېگەنگە
ئوخشاش سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان؛ 3 ـ توم، 167 ـ بەتتە
«بوزمۇنچاق»، 224 ـ بەتتە «زەپىران» (زەپە، كۇركۇم)
غا ئوخشاش ئاتالغۇلار ئۈستىدە توختالغان.

(2) مىنېرال پەرداز بۇيۇملىرى

سېغىز توپا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەن-
ئەنىۋى، ئەڭ ئىپتىدائىي تەبىئىي ئۇپىسى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. ئانىلار باللىرىنى يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن باللارنى
سېغىز بىلەن ئۇپىداش خېلى ئومۇملاشقان. سېغىزنىڭ بە-
دەننى سىلىقلاش، دېزىنفېكسىيەلەش خۇسۇسىيتىمۇ بولغان-
لىقتىن، باللار كىچىكىدە ئوبدان سېغىزدالسا، بەدىنىگە
ھەرخىل جاراھەت چىقىشتىن ساقلانغىلى بولۇپلا قالماي،
بەلكى تۈكلۈك بەدەن بولۇپ قېلىشتىن ھەمدە باللارنىڭ
ئاسان زۇكام بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قاراي-
دۇ. ھازىرمۇ سەھرالىرىمىزدا سېغىزنى يانجىپ ئۇپا ئورنىدا
ئىشلىتىپ كەلمەكتە. يېقىنقى زامان خىمىيە ئانالىزى
كۆرسىتىشىچە، قىزغۇچ رەڭلىك سېغىزلار تەركىبىدە كالتسىي،
ماگنىي، ئارسىن، سىنك، مىس، تۆمۈرلەرگە ئوخشاش
مىكروب ئۆلتۈرىدىغان خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنىڭ بارلىقىنى
ئىسپاتلىدى.

قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىشتىن ئېرىشكەن ماتېرىيال-
لارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ،
6 ـ ئەسىرلەردىلا يۇزماي، ئەڭلىك، ئۇپا، لەۋسۇرۇخ قا-
تارلىق پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن. دېڭىز بويىدىكى
قەدىمكى دۆلەتلەردە مورىكس دېيىلىدىغان بىر خىل
بوياق چىقاتتى، بۇ خىل بوياق دېڭىز قۇلۇلىسىدىن
ئايرىپ ئېلىناتتى. ئۇ بىنەپشە رەڭلىك بولغاچقا، باشقا بو-
ياقلار بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، پەرداز
بۇيۇمى ياسىلاتتى ۋە رەخت بوياش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلەت-
تى. پەقەت پۇلى بار كىشىلەرلا بۇ خىل بوياقتا بويىغان
رەختلەردىلا كىيىم كىيەتتى ③. شىۋېتسىيەلىك فولك
بېرگمان چەرچەن ئەتراپىدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان



2011.5



پەرداز بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ خىل پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرلەرگە قوغۇشۇن ئۇپا (خىمىيەۋى تەركىبى: قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات) بىلەن سۇرمە (سىتىبى ئوكسىد) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان④. قوشۇغۇن ئۇپا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىرلەردىكى مەدەنىيەتلىك دۇنيادا دائىم ئىشلىتىلىدىغان تاش ئۇپا ئىدى. ئۇيغۇر دورىگەرلەر ئاق رەڭلىك مەدەننى بىۋاسىتە يانجىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۇپا ياساپ بازارغا سالاتتى. «مىلادى 3 - ئەسىرلەردە بۇ خىل ئۇپىنى ئاياللار ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە ئەرلەرمۇ ئىشلىتەتتى⑤. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا قۇلۇلىنىڭ ئىچكى ئاجراتمىسىدىن تازىلاپ ئالغان كىرپىك لاكلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ خىل لاكنى پارسلار مىلادى 3 -، 4 - ئەسىرلەردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كىرىشكە باشلىغان»⑥. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھىندى ئۆسمىسى دېيىلىدىغان قارا كۆك رەڭلىك بوياقمۇ بولۇپ، بۇ خىل بوياقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىش جەريانىدا خوتەن، قەشقەر ۋە تارىمدىكى يولنى بويلاپ ماڭغاندا ھەر بىر ئۆتەڭلەردە توختىلىپ ئۆتكەنلىكتىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە پەرداز بۇيۇملىرىدىن باشقا يەنە قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزگەن پەرداز بۇيۇملىرىنىمۇ بىرگە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى»⑦. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 121 - بەتتە «رۇشا» (رۇشا قىزىل رەڭلىك يېپىشقاق بىر خىل مەدەن بوياق، بۇ كاۋلىن توپىسىنى يەنە سېغىزنى كۆرسىتىدۇ). 570 - بەتتە «قوغۇشۇن ئۇپا»لار تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا سۇرمە (ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى سىتىبى ئوكسىد گرافت (سىلىۋدا) ئىشلىتىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولغان تەبىئىي تاش بوياق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**(3) هايۋاندىن ئېلىنىدىغان پەرداز بۇيۇملىرى**

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا قارا ئۇغلاق تېرىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆپكىسى بىلەن ئادەم بەدىنى ۋە قولتۇقىدىكى بەدبۇي پۇراقنى يوقىتىپ كەلگەن. «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» دېگەن كىتابتا ئۇغلاق ئۆپكىسىنى ئۇششاق توغراپ قولتۇق قىسمىغا قويۇپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئۇۋۇلاپ قولتۇق پۇراقنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئۇسۇلنى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادى 7 -، 8 - ئەسىرلەردە بىلىپ يەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى «ئىپار، سالاجىت، قۇستە مەستىكى، مىئەسائىلە، سەندەل، يەسمەنگۈل، مۇرمەككە، ئەتىرگۈل ئەتىرىسى، سوغى شېرىن، قۇستى شېرىن، ئۇد ھىندى، مۇزا، شاكال بەدىيان، ئارپىبەدىيان» قاتارلىق پۇراقلىق ماتېرىياللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇرغان بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن «كامفورا، مۇئەتتەر، دىڭزىيا، دارچىن، كابا بەچىننى، مامىرەنچىننى، پار يانچىننى» قاتارلىق پۇراقلىق ماتېرىياللار غەربىي يۇرتنىكى ھەرقايسى جايلارغا ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دورىگەرلىكى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خەۋەر قىلىنىشىچە: «ئىپار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا يىپەك يولى سودىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن⑩. «قەدىمدە ئىپار تىبەتتىن ئىران ۋە ئىراققا توشۇلغان»⑪. مۇھەممەد ئىمىن خۇسايمان ماڭا، مەن مەلۇم بىر كۈنى باغدادتىكى بىر سودىگەرنىڭ ماگىزىنىغا بارسام، ئۇ تۇلۇپلاردىن بىۋاسىتە ئىپار سېتىۋېلىپ، توپ تارقىتىدىغان ماگىزىنلارنىڭ بىرسى ئىكەن، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپارىنى كۆرسەتمەكچى بولدى... دەپ سۆزلەپ بەردى»⑫. 3 -، 4 - ئەسىرلەردە يېزىلغان بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا «ناشان (قارلۇق) مىللىتىدىن ئىپار چىقىدىكەن، بۇ مىللەت ئەينى ۋاقىتتا ئازراق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى»⑬ دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئاياللار دۆلىتى بىلەن توغرىلار، كۇشانىيلىكلەر، سوغدىلار ۋە يەفتاللار ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى قويۇق ئىدى. «ئىپار سودىسى، يىپەك يولىدىكى ھەر بىر قەبىلە ئۆتەڭلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچراپ تۇراتتى»⑭. ئۇنىڭدىن باشقا «ھونلار بىلەن تۈركىي خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق

ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بولغان، رەققاسلار بىلەن ھازىرقى تىبەتلىكلەر دائىم دېگۈدەك قويۇق باردى-كەلدى قىلىشاتتى»⑮. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەردىلا كۇشانىيەلىكلەر تۇبۇتلەردىن ئىپار ئېلىش ۋە ئىپاردىن پايدىلىنىشنى ئۆگەنگەندى. «مىلادى 3 ـ ئەسىرلەردە ساسانىيلار ئىپارنى تونۇشتىن بۇرۇن ئىپار تۇخارلاردا مۇھىم رول ئوينىغانىدى»⑯.

ئىپارنىڭ تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە قاچان تونۇلۇشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان. «چىن بىننى يافەس ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار، تەدبىرلىك كىشى ئىكەن. دادىلىرى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇ شەھەرنى ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن «چىن» دەپ ئاتاپتۇ، چىننىڭ تەبىئىتى ئۈستۈن ھۈنەرۋەن ئىكەن، نەققاشچىلىق، ئويمىچىلىق ۋە گۈللۈك ئىگىن تىكىشنى ئىجاد قىپتۇ، چىننىڭ خوتۇنى يۈزى نۇرلۇق، ئوچۇق چىراي بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن چوڭ بولۇپ، ئۆيلىنىپتۇ، ئۇنىڭ باللىرى ۋە ئۇرۇقلىرى كۆپىيىپتۇ. ئۇ دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مېنىڭ باللىرىم ۋە ئەۋلادلىرىم كۆپەيدى، بۇ زېمىنغا سىغىشالمايدىغان ھالەتكە كەلدىم، رۇخسەت بەرسىڭىز، يېقىنراق يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئولتۇرسام دېگىنىدە، چىن ماقۇل كۆرۈپ، بىر شەھەر بىنا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ نامى بىلەن «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن باللىرىغا قوي يۇڭىدىن ئىگىن قىلىپ كىيىشنى ئۆگىتىپتۇ. «ئۇنغا» دېگەن قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت ئۈچۈن باشلىرىغا قاداپتۇ. جەڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ باتۇرلىرىنىڭ دەستار ـ دۇبۇلغىلىرىغا ئۇنغا قۇشنىڭ پەيلىرىنى بېكىتىپ، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك، باتۇر كۆرسەتسۇن دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ، بىر قېتىم ماچىن ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ، كېيىك ئوۋلاپتۇ. كېيىكنىڭ كىندىكىدىن خۇشبۇي قان ئېقىپتۇ. ئۇ، ئۇ خىل قاننى ئاسراپ ساقلاپتۇ. قان قۇرۇپ قاتقاندىن كېيىن، تېخىمۇ خۇشبۇي پۇراق چىقىپتۇ. ماچىن ھەركىم بۇنىڭغا ئوخشاش كېيىك ئوۋلىسا، كىندىكىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلىسۇن دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر كېيىك ئوۋلىسا كىندىكىنى ئالىدىغان بولۇپ، ئىپار ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بوپتۇ»⑰.

ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو 13 ـ ئەسىردە يېزىپ قالدۇرغان «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا «چىڭخەي (كۆك كۆل)، تىبەت ئېگىزلىكىدىن چىقىدىغان، كىندىكىدە ئىپارى بولغان بۇغىنى كۆرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئوۋچىلار بۇغىنى ئېتىۋېلىپ، كىندىكىدىن ئىپار ئالىدۇ»⑱، دەپ مەلۇمات بەرگەن. مانا بۇ غەربىي يۇرتتىن ئىپار چىقىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم، 598 ـ بەتتە «قۇندۇز قەيرى» دېيىلىدىغان ھايۋاندىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان پۇراقلىق ماددىمۇ تىلغا ئېلىنغان؛ ئادەتتە سۈت ۋە خام قايماقلارمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي پەرداز بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا كىيىم ـ كېچەكلىرىگە كۈيە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان ۋە خۇش پۇراق مۇھىتنى ياراتقان. ئۇلار «كىيىم ـ كېچەكلىرىگە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى سېلىش ۋە پۇراقلىق ماددىلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش ئادىتىگە ئىگە ئىدى»⑲. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا پۇراقلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ قولتۇق پۇراش، پۇت پۇراش، ئېغىز پۇراش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئەنئەنىۋى خىمىيەلىك چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇرلار يۇيۇنغاندا سۇيىگە ھەر خىل پۇراقلىق ماتېرىياللارنى قوشۇپ، قايناتىپ تەمنى چىقىرىپ يۇيۇنۇش ئارقىلىق ئۆز مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش ئادىتى تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىدا ھەر خىل گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ ساپ مۇھىت يارىتىش ئەنئەنىسى، ئۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنىڭ نامايەندىسى. چارۋا دوختۇرى ۋە مۇتەخەسسىسى خەمىت (1938 ـ 2011) ئاكىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، شىئەن لىنتۇڭدىكى خان جەمەتى يۇيۇنىدىغان خۇش پۇراق سەرداپنى مەنچىڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇرلار قۇرۇپ بەرگەنلىكىنى سەرداپنىڭ مەسئۇلى سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار نەچچە خىل خۇش پۇراق گۈللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۇيىدە يۇيۇنۇش ئەنئەنىسىنى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا قارا ئوغلاق تېرىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆپكىسى بىلەن ئادەم بەدىنى ۋە قولتۇقىدىكى

بەدبۇي پۇراقنى يوقىتىپ كەلگەن. ئۇلار «ئوغلاق ئۆپكىسىنى ئۇششاق توغراپ قولتۇق قىسمىغا قويۇپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئۇۋۇلاپ قولتۇق پۇراشنى يوقاتقىلى بولىدۇ»⑳ غانلىقىنى، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردىلا بىلىپ يەتكەن.

سالاجىت مىلادى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە پۇراقلىق ماتېرىياللار ئەڭ كۆپ چىقىدىغان «تۈركىستاندىكى گاندىھارا دۆلىتىدىن ئېلىنىپ كىرىلەتتى»㉑. بۇ دۆلەتنىڭ بىر قىسمى ئەينى ۋاقىتتا ئارساك (بۇخارا دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغانلىقتىن، شۇڭا «سالاجىت ـ ئارساك (安息) خاندانلىقى نامىدا ئاتالغان»㉒. بۇ ماددا ئەسلىدە خۇش پۇراقلىق بىر خىل يېلىم بولۇپ، ئۇ زامانىمىزدىكى «بېنزوېيك كىسلاتا»نىڭ خام ئەشياسى، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، پۇراق چىقىرىدىغان بىر خىل ئورگانىك بىرىكمىدىن ئىبارەت.

مىڭ سائىلە (سىلارەس)مۇ 5 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇن «بۇددا ئېلى ۋە ئارساك دۆلىتىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىشقا باشلىغان»㉓. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇد ھىندىمۇ غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان مۇھىم پۇراقلىق ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولۇپ، 8 ـ ئەسىرلەردە «جانپۇخانى تاڭ پادىشاھىغا 30 جىڭدىن ئارتۇق ئۇد ھىندى بەرگەن» ㉔ لىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا پىنىدىن پۇراقلىق تەركىبلەرنى ئايرىۋېلىپ، ئۇنى كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سېپىپ، خۇش پۇراق پەيدا قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماي پىنىدىن قىيما ياساپ ئۇنىڭ شىپالىق رولىدىنمۇ پايدىلانغان. مىلادى 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ مالايىيا پىنىسى ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار، خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتلەرگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھىندىستانلىقلار، خوتەنلىكلەر، كۇچالىقلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا پىنىنى باشقا تەبىئىي بوياقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام ياساپ چاچ بوياش، ئۇنىڭ ئۆزىنى كىيىم ـ كېچەك يېپىنچىلىرىغا سېلىپ شەخسىي تازىلىق ۋە ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاپ كەلگەن. ياۋروپالىقلارنىڭ ئېيتىشىچە «ھىندىستانلىقلارنىڭ كىيىملىرىدە ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر خىل پۇراق چىقىپ تۇرىدىكەن»㉕.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا پارسلار، تاجىكلار، ئارساكلار، فەرەڭلەر ۋە ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەسمەن گۈلىنىڭ خۇش پۇراق تارقىتىش رولىدىن پايدىلىنىپمۇ خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار دارچىن، ئارچا، ئادراسمان، ئالما پوستى، ئەتىرگۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنى تاكى ھازىرغىچە خۇش پۇراق تارقىتىدىغان ماتېرىياللار سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دىيارىمىزنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. «شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1077 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سۇڭ پادىشاھى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سودىسىدا مەستىكى، ئۇد ھىندى، سالاجىت، غۇز مامىرەنچىنى، قۇستە قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ ساتقان» ㉖. «سۇڭ تارىخىدىن مۇھىم خاتىرىلەر. پۇل ـ پۇچەك» دېگەن كىتابنىڭ 38 ـ جىلدىدا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 10 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «خوتەن ئەلچىسى نەنساغۇن ۋە رۇئاسلار غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن 31 جىڭ مەستىكىنى سۇڭ پادىشاھىغا ساتقان، خوتەننىڭ سۇڭ پادىشاھ بىلەن قىلغان بۇ قېتىملىق سودىسى غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ سودا ئىدى»㉗ دەپ يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ئادەتتە «مۇزا بەدەخشاندىن چىقسا، رويان پەرغانىدىن چىقاتتى»㉘. ئەنبەر ئىككى خىل بولۇپ دەرەختىن، يەنە بىرى دېڭىز كىتىدىن ئېلىناتتى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تاجىكلار ئەنبەر سودىسى قىلاتتى»㉙. «رەۋەن غەربىي يۇرت بىلەن پارسلار دۆلىتىدىن چىقاتتى، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى»㉚. ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پۇراقلىق ماتېرىياللارنىڭ كۆپلەپ كىرىشىگە سەۋەب بولدى. ھىندىستاندىكى كۇجە يېقىش ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پۇراقلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۇجە يېقىش مەدەنىيىتى تېخىمۇ بېيىغانىدى» ㉛.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۆسۆملۈكلەردىن پۇراقلىق ماتېرىياللارنى تازىلاپ ئېلىش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شاپتۇل چېچىكى، ئەتىرگۈل بەرگىلىرىگە دارچىن، ئەنبەر ۋە باشقا پۇراقلىق ماتېرىياللارنى قوشۇپ «پۇراقلىق سەرراپلارنى ياسىغان»㉜. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنغان مەزگىللىرىدە ياسىغان «كۇپى (kupi)نىڭ تەركىبىدە ھەسەل، ئىسپىرت، قۇرۇق ئۈزۈم، يېلىم، مۇرمەككە قاتارلىق 16 خىل ماددا»㉝ بارلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ماددىلىرى «قەدىمكى يېقىن شەرق بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتتا دائىم ئۇچراپ تۇراتتى»㉞. مانا بۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان پۇراقلىق ماتېرىياللارنى سۇغا سېلىپ تەمنى چىقىرىپ يۇيۇشنىڭ مىسالى.

ھىندىستان پۇراقلىق ماتېرىياللار كۆپ چىقىدىغان دۆلەت بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە پۇراقلىق ماتېرىياللار «ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە سىرتتىن ئېلىپ كىرىلەتتى». بۇ يەردىكى سىرت دەل ھىندىستاننى كۆرسىتەتتى. «مىلادى 724 ـ يىلى (كەيۈەننىڭ 12 ـ يىلى) توخرىلار ئەلچىسى گاندىھاپالا (Gandhaphala) تاڭ پادىشاھىغا 200 نەچچە خىل پۇراقلىق ماتېرىيال بەرگەن»㉟. ھىندىستانلىقلار ۋە ھازىرقى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار «مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ھېيتلىرىنى كامفورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن يەرلىككە قويۇشقا ئادەتلەنگەن»㊱. 13 ـ ئەسىر (قۇبلەيخان دەۋرىدە)دە، غەربىي يۇرتتىكى مۇسۇلمانلار يىپەك سودىسى مۇناسىۋىتى بىلەن داۋاملىق گۇاڭجۇغا كېلىپ كېتىپ تۇراتتى، پارسلار، ئىراق، ئەرەب، سۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن كامفورانى دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتەتتى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كامفورالارنىڭ سۈپىتىدە پەرق بار ئىدى»㊲. مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا ئىرانلىقلار، كۇشانىيەلىكلەر ياكى توخرىلار تۈبۈتلەر بىلەن ئىككى يول ئارقىلىق باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى. «بىرى تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كەشمىر، يەنە بىرى تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى تىرىم يولى ئىدى»㊳. ئۇلار ئادەتتە قەشقەر، خوتەندىن ئۆتمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق مالنى سىرتقا چىقىرالمايتتى، ماللار ئاساسەن قەشقەر، خوتەنلەردىكى ھەر بىر ئۆتەڭلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولاتتى.



دېمەك، يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن ھازىرقى شىنجاڭدا مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئەتىرگۈلدىن ئەتىر، زاراڭزا چېچىكىدىن لەۋسۇرۇخ، مەڭزى سۇرۇخ، ئۇپا ۋە ھەر خىل بوياقلارنى ئىشلەپ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماي، ئۇ خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى يىپەك يولىنى بويلاپ چەت ئەللەرگە ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① ② ⑤ ⑲ساۋيۈەنبۇ، «جۇڭگو خىمىيە تارىخىدىن پارچىلار» جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىلى (خەنزۇچە) 172 ـ، 174 ـ، 171 ـ، 146 ـ، 147 ـ، 158 ـ بەتلەر.

③ «خىمىيە قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «خىمىيە قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى» ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، 19 ـ بەت.

④ فولىك بېرگمان [شىۋېتسىيە] ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 519 ـ بەت (ئۇيغۇرچە).

⑥ ⑦ ⑧ ㉒ ㉕㉖㉚㉛㉞㉟㊱㊲ شىپ [ئامېرىكا]، «تاڭ دەۋرىدە سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەر»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى (خەنزۇچە) 154 ـ، 353 ـ، 460 ـ، 366 ـ، 368 ـ، 367 ـ، 234 ـ، 346 ـ، 347 ـ بەتلەر.

⑨ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، 1984 ـ يىلى، ③ 73 ـ بەت.

⑩⑪⑫⑬⑭⑮⑯㉜㊴ ئالىي مازاھەيرى [فىرانسىيە]، «يىپەك يولىدىكى جۇڭگو پارس مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابلىرى نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى (خەنزۇچە) 525 ـ بەت، 526 ـ بەت، 547 ـ بەت، 447 ـ بەت، 459 ـ بەت، 345 ـ بەت، 451 ـ بەت، 452 ـ بەت، 525 ـ بەتلەر.

⑰ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، 51 ـ بەت.

⑱ ماركوپولو «ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1983 ـ يىلى (ئۇيغۇرچە) 93 ـ، 94 ـ بەتلەر.

㉑ ئا. سۇھەيىل ئۈنۋەر [تۈركىيە]، «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، 44 ـ بەت (ئۇيغۇرچە).

㉗㉘㊾ ۋاڭ شياۋشيەن «يىپەك يولىدا دورىگەرلىك ئىلمى ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى (خەنزۇچە) 258 ـ، 259 ـ، 159 ـ بەتلەر.

㉙ كروپاتكىن [رۇسىيە]. «قەشقەرىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى (ئۇيغۇرچە) 96 ـ بەت.



# تاققا ـ تۇققا ئادەتلەر

**ئەنۋەر مەتسەيدى**

كېرىيەلىكلەردە ساقلىنىپ قالغان تاققا ـ تۇققا ئادەتلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ ئادەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي مەلۇماتلار ۋە ئىزنالار يوق. لېكىن بۇ ئادەتلەرنىڭ كۆپ نىسبىتىنىڭ ئوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ھازىرغىچە قېلىپ قالغان ئىزنالىرى بولسا كېرەك دېگەن قاراشقا كەلمەي قالمايمىز ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل ئادەتنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بۇگۈنكى كۈندە ئاز تېپىلىدىغان ياكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزلۈك ئېگىنى ساقلاپ قالغان دىنىي مىستىك ئىدىيەلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغان ھالەتتە ئۇچرىتىدىغانلىقىمۇ كېرىيەلىكلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئال پىسخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنىڭ يارقىن ئىزنالىرىدىن ئىبارەت.

مەن تۆۋەندە كېرىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇش پىسخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن تاققا ـ تۇققا ئادەتلەردىن بىر نەچچىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بۆشۈك ئىسرىقلاش ئادىتى: ـــ كېرىيەلىكلەردە بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا، بالىنى بۆشۈككە سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. بۇ بۆشۈكنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن بالا بۆشۈككە كىرگەندە يىغلاڭغۇ بولۇپ قالمىسۇن دەپ يەتتە خىل مېۋىلىك دەرەخ، يەتتە خىل مېۋىسىز دەرەخ شاخلىرىدىن تەمەچ تېرىپ ئەكېلىپ تەخسىنىڭ ئۈستىدە ئوت قالاپ چوغ چۈشۈرۈپ، چۈشكەن چوغنىڭ ئۈستىگە كېپەك سېپىپ تۈتۈن چىقىرىپ بۆشۈككە ئىسرىق سالىدۇ. مانا بۇ بۆشۈكنى ئىسرىقلاش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ـ

شۇكنى ئىسرىقلاش ئادىتى ھازىر چوڭلارنىڭ ئارىسىدا خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، نەۋرىلىرىنى بۆشۈككە سېلىش ئىشىنى شۇ بويىچە راۋاجلاندۇرۇپ بارماقتا.

بۆشۈكتە ياتقان بالىغا ئىسرىق سېلىش: — بۇ تۈر ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى بۆشۈكتە ياتقان بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، كۆرپىسى، سومكىسى، شۇمكى ۋە بۆشۈكى زۇۋال ۋاقتىدا تالادا قالسا كېيەك سېلىپ ئىسرىقلاپ بولۇپ ئاندىن بالىنى بۆشۈككە بۆلەيدۇ. يەنە بىرى بالا بۆشۈكتە يېتىش جەريانىدا يىغلاپ ياتقىلى ئۇنىمىسا ياكى يىغىسى توختىمىسا، بالىنىڭ بۆشۈكتە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئەتىسى كەچ كۈن قىزارغاندا بۆشۈككە ئىسرىق سالىدىغان ئادەت ساقلانغان.

قىرىق سۈيىگە سېلىش: — قىرىق سۈيىگە سېلىشمۇ بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغاندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ كۈنى ئاۋۋال بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، چۈشكەندىكى چاچنى چىرايلىق لاتىغا يۆگەپ ئېلىپ قويىدۇ. ئاندىن بالىنى قىرىق سۈيىگە سالىدۇ. قىرىق سۈيىگە سېلىش دېگىنىمىز: — سۇغا ئازراق سېرىق چېچەك سېلىپ قايناتقان سۇ ئىلمان ھالەتتە سوۋۇغاندىن كېيىن بالىنى غەلۋىرەك ئۈستىگە ئېلىپ غەلۋىرەككە ئالتۇن قويۇپ (بۇنىڭدا ئانىنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكى، ھالقىسى قاتارلىق ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى بولسا بولىدۇ. سەرگە چۈشمىگەن ئالتۇن بولسا تېخى ياخشى دەيدىغان گەپ بار) بالىنى ئالتۇن بىلەن قوشۇپ يۇيىدۇ. مانا بۇ قىرىق سۈيىگە سېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت بالىنىڭ سارالىق قېتىش يەرلىرى يۇيۇلۇپ كېتىپ بېجىرىم ئادەم بولسۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، كېرىيەدە تاغدىن سورىسا باغدىن جاۋاب بېرىدىغانلارنى «قىرىق سۈيىگە سالمىغانلار ئىكەن» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئوتلاش: — كېرىيەنىڭ يېزىلىرىدا ھازىرمۇ شۇنداق بىر ئادەت ساقلانغان. كىشىلەرنىڭ چىشى ئاغرىغانلىقتىن ئىڭەكى ئىششىپ قالسا چارشەنبە كەچ كۈن قىزىلدا شۇ يۇرتتا قولى شىپالىق دەپ ئاتالغان ئۇدۇمى بار ئادەمگە ئوتلىتىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە خۇراپىي قاراشنىڭ تەسىرى بولسىمۇ لېكىن چارشەنبە كەچ كۈن قىزىلدا كېپەك سېلىپ ئوتلاپ قويسا ئوڭشىلىدىكەن. ئىشقىلىپ ئۇزاققا بارماي ئىششىق يانىدىكەن. بۇ ئەلۋەتتە پەندىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشى بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا بەزى كېسەللەردە بىراۋنىڭ چىشى ئاغرىپ قالسا كۈن قىزىلدا ئوتلاپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاغرىق بوشىسۇن دەپ خوخىنىڭ يىلتىزىنى شۇمۇش ۋە يەرلىك ياۋا شوخلىنى سىقىپ سىرتىدىن تېڭىش قاتارلىق ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

سۆگەل كۆچۈرۈش: — سۆگەل كۆچۈرۈش قايسى زامانلاردىن بۇيان بىزنىڭ ئارىمىزغا قېتىلىپ قالغان ياكى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما سۆگەل چىقىپ قالغان ئادەمگە ھەر چارشەنبە «سۆگەل سۆگەتتە بولماي مەندە نېمىش قىلىسەن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىدىكى سۆگەلنى تۇتۇپ يۇلغاننى دۇرۇپ سۆگەتكە چاپلايدۇ. بۇ ھەرىكەتنى ئۇدا ئۈچ چارشەنبىدىن يەتتە چارشەنبىگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ سۆگەل تۈزۈپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلىرى سۆگەلنى ئاتىنىڭ قىلىدا بوغۇش ئارقىلىق تۈزىتىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئەمما يېقىندىن بېرى سۆگەل چىققان ئادەملەر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا بېرىپ دورا سۈركەش ئارقىلىق چۈشۈرۈۋاتىدىغان ئىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندى.



قان قىلىش: — قان قىلىشنىڭ شەكلى كۆپ بولۇپ، بىراۋ كېسەل بولۇپ داۋالانسىمۇ ساقايمىسا، بىرەر قوينى قان قىلىپ دۇئا ئوقۇتىدىغان ئەھۋاللار بار. بىراۋ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن



2011.5

ئاغزى سىگايان كەتسە ياكى تىلى تۇتۇلۇپ قالسا چىپىلدى يامشىپتۇ دەپ قاراپ قان قىلىپ دۇئا ئوقۇتىدۇ.

زۇۋال ۋاقتىدا كۆزىگە ئوتقا مۇناسىۋەتلىك بىرەر نەرسە كۆرۈنسە «جىن» كۆرۈنۈپتۇ دەپ قاراپ دۇئا ئوقۇتىدىغان ئادەت بار.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە قوي قان قىلىپ، قان قىلىدىغان قوينىڭ گۆشىنى شۇ ئاتىغان ئادەم يېمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت تارىختىن بۇيان ساقلانغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى مۇنەججىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن قوي قان قىلىپ گۆشىنى نامراتلارغا يېگۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ ساقلانغان.

قان قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى: كېسەل بولۇپ ئۇزاق مۇددەت يېتىپ قالغان بەزى ئادەملەر قوي قان قىلىپ جامائەتنى چىللاپ گۆشنى جامائەتكە يېگۈزۈپ دۇئا تەلەپ قىلىدىغان ئادەت ساقلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياز كۈنلىرى قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتسە يۇرت چوڭلىرى قوي چىقىرىپ قان قىلىپ جامائەتلەر سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا ئوقۇيدىغان ئادەتمۇ ساقلانغان.

هازىر كېرىيەدە چوڭ بىر ئىش قىلماقچى بولغانلار ئاۋۋال قوي قان قىلىپ ئاندىن كېيىن ئىشنى باشلايدۇ. مەسىلەن، ئۆي سېلىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش دېگەندەك.

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە:

ئېرى خوتۇنىنىڭ تۇغۇتىدا يېنىدا بولسا ئاسان تۇغىدۇ.

سۈت ئېمىپ تۇرغان بالىنىڭ ئېغىزىغا دادىسى سۆيسە خوتۇن نىكاھتىن ئاجراپ كېتىدۇ.

بالىنىڭ تاپىنىغا سۆيسە ۋاپادار، مۇلايىم چوڭ بولىدۇ.

بالىنى دادىسى ئۆزى كۆتۈرۈپ باقسا، ئۆمۈرۋايەت يېنىدىن جۆرگىلەپ كەتمەيدىغان بولىدۇ ۋە بارلىقنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدۇ، دېگەن قاراشلار كېرىيەلىكلەردە بىر قۇر ئېغىر ئەھۋال.

**پايدىلانغان كىتابلار ۋە ماتېرىياللار:**

قىسسەسۇل ئەنبىيا، نەسىردىن رەبغۇزى، مىللەتلەر نەشرىياتى، تارىخىي ھەمدىيە، موللا مۇسا سايرامى، خەلق نەشرىياتى.

ئابدۇكېرىم راخماننىڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى».

ھەمەتئەيسا قۇربانىنىڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇزۇلمەس ئېقىن» كىتابى.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)





# ئىككى مەسەل

مۇھەممەد ئىمىن

## نادان قوزىچاقنىڭ تەقدىرى

تەھدىت بىلەن ئىشىكنى ئاچقۇزالمىغان بۆرە ئاخىر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە باشلىدى:

— باياتىنقى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى چاقچاق، قوزىچاقلىرىم، قورقماي ئىشىكنى ئېچىڭلار! مەن باشقا بۆرىلەرگە ئوخشىمايمەن، ئەزەلدىن قوي-قوزىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن، ئىشەنمىسەڭلار ئاناڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار!

— ئالداۋاتىسەن! — دېدى قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەۋاتقان قارىباش قوزىچاق يىغا ئارىلاش، — ئانىمىز بىزگە: «جاھاندا قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق» دېگەن. ئانىمىز كەلمىگۈچە ئىشىكنى ھەرگىز ئاچمايمىز!

— ھەممە نەرسە بىر خىل بولمايدۇ-دە! بۆرىنىڭمۇ ياخشى-يامىنى بولىدۇ. مەن دېگەن ياخشى بۆرە، بولمىسا ھايۋاناتلار دۇنياسىغا پادىشاھ بولامتىم؟

— پادىشاھ دېگەن شىر، سەن قاچاندىن بېرى پادىشاھ بولۇۋالدىڭ؟

— شۇنچىلا چوڭ ئىشتىنمۇ خەۋىرىڭلار يوقمۇ تېخى؟ — دېدى بۆرە ھەيران بولغان قىياپەتتە، — شىر ئاجىزلارنى خالىغىنىچە بوزەك قىلىپ بىگۇناھ ھايۋانلارنىڭ قېنىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ تۆكۈپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھلىقتىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەممەيلەن بىردەك مېنى سايلاشتى.

— ئەمىسە پادىشاھلىقىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ؟ بۇ يەرگە كېلىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— سىلەر تېخى بىلمەيسىلەر، — دېدى بۆرە ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر سەممىي، مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ئاناڭلارنى ئوردامغا باش مىرزا قىلاي دەپ بىر پەرمان يېزىپ بېقىشنى تاپىلىغان ئىدىم. بايا يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ سورىسام، ئۇنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ تامنىڭ كامىرىغا تىقىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ بەك مۇھىم نەرسە، ھازىرلا ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

— ئانام كەلگەندە ئۆزىدىن ئال، بىز ئۇقمايمىز! — دېدى ئالا قوزا غەزەپ بىلەن.

— ئاناڭلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك شۇنچە چوڭ ئىشقا بۇنداق سەل قارىماڭلار! — دېدى بۆرە تاقەتسىزلىكىنى زورغا بېسىپ، — بۇ ئەمەلگە كۆز تىكىپ تۇرغانلار ئاز دەمسىلەر؟ باش مىرزىلىق تەگمىسىمۇ خەتتاتلىق بولسىمۇ تېگىپ قالارمىكىن دەپ قانچىلارنىڭ پارا بەرگەنلىكىنى، قانچىلارنىڭ قانچە كۆپ سوۋغا-سالام ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغىڭلار قىيىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەن باشقا ھېچكىمگە كۆز قىرىمنى سالماي باش مىرزىلىققا يەنىلا ئاناڭلارنى تاللىۋالدىم. چۈنكى ئۇ ياۋاش، سەممىي، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنى، سۇيىقەست قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ باش مىرزا بولۇشى سىلەر ئۈچۈنمۇ چوڭ ئامەت ئەمەسمۇ! يولسىزلىق دەردىدىن، غەم-غۇسسىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ، بىر ئۆمۈر راھەت-پاراغەتتە ئۆتۈسىلەر! ھەرھالدا ئويلاپ بېقىڭلار، ئاناڭلارنىڭ رىزقىغىمۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ بەختىڭىمۇ ئولتۇرماي بىر ئىش قىلغىنىڭلار ياخشى!

— ئۇنداقتا... — قارىباش قوزىچاق ئىككىلىنىپ قالدى.

— ھە، ئۆزۈڭ خېلى ئەقىللىق كۆرۈنىسەن، — دېدى بۆرە ياغلىما سۆزلىرىنىڭ ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقىدىن روھلىنىپ، — ھازىر زادى ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدىغان ھېلىقى پەرمان چوڭ-چوڭ ئىشلارغا بېرىپ تاقالغاچقا، ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەڭ قالتىس چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسەن. خالىساڭ ئۆزۈڭمۇ ۋەزىر قىلىۋالىمەن!

— ۋەزىر؟ — قارىباش قوزىچاق ئىشەنمەيرەك قايتىلاپ سورىدى.

— ھەئە، ۋەزىر! — بۆرىنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى، — ھازىرغىچە كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرەرسىنى ئۇچرىتالمىغاچقا، ۋەزىرلىككە كىمنى قويسام بولار دەپ



بېشىم قېتىپ تۇراتتى. قارىسام، «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك پەم-پاراسەتتە ئاناڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەنسەن، شۇڭا سېنى تاللىغۇم كېلىۋاتىدۇ!

— راستمۇ؟

— ئەزىبرايى راست! — بۆرىنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، ۋىجدانىم بىلەن قەسەم ئىچىمەن! يالغان گەپ قىلسام ئېغىزىم كۆيۈپ كەتسۇن!

— يالغان! ھەممىسى يالغان! — ئالا قوزىچاق ئۆزىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى، قوزا گۆشىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئاشۇ يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى توقۇپ چىقىشقا سەۋەبچى بولۇۋاتقاندۇ ھەقىچان!

— نەدىكى گەپ؟ — دېدى بۆرە ئاچچىقلىغان بولۇپ، — تازىمۇ غەرەز ئۇقمايدىغان بىر نېمىكەنسەن! شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ قارىباش قوزىچاق چۈشەنگەننىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ چۈشەنمەيسەن! مەندەك ئادىل پادىشاھنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى يېگىنىنى نەدە كۆرگەن؟! گەپنىڭ قىسقىسى، مەن شىر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن! ئاچلىقتىن ئۆلسەم ئۆلىمەنكى ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھنى تەكرارلىمايمەن!

— ھەي قويساڭچۇ! — دېدى قارىباش قوزىچاق ئالا قوزىنى ئەيىبلەپ، — شۇنچە سەممىي گەپ قىلىۋاتقان بىرسىگە بۇنچىلا ئىشەنمەي كەتسەك سەت ئەمەسمۇ، بولدى، ئىشىكنى سەن ئاچمىساڭ مەن ئاچاي.

— ھەببەللى! ھەببەللى! مىڭ قىلسا ئەقىللىقنىڭ ئىشى ئەقىللىقچە بولىدىكەن جۇمۇ! — قارىباش قوزىچاقنىڭ گېپىدىن روھلىنىپ كەتكەن بۆرە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي چاۋاك چېلىۋەتتى، — بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما، قارىباش قوزىچاق! ۋەزىرلىك دېگەن ئاسان قولغا كېلىدىغان ئەمەل ئەمەس!

— ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەم راستىنلا ھېچقايسىمىزغا چېقىلمامسەن؟ — بۇ قارىباش قوزىچاقنىڭ ئاخىرقى سوئالى ئىدى.

— گېپىم گەپ! — دېدى بۆرە مەيدىسىگە مۇشتلاپ قەسەم قىلىپ، — ساڭا ۋەزىرلىكنى بەرگىنىم بەرگەن، تۇغقانلىرىڭغىمۇ قانداق ئەمەل دېسە بېرىمەن. سىلەرگە چېقىلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ قويغۇنۇم يوق، قالغىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرۈڭلار!

قارىباش قوزىچاق ئۆزىنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان ئالا قوزىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىككە تىرەپ قويۇلغان تاقاقنى ئېلىۋەتتى.

ئىشىكنىڭ ھاڭگا ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ئۆزىنى ئۇرۇپ كىرىپ كەلگەن بۆرە ئاۋۋال ئالا قوزىچاقنىڭ گېلىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇردى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟! — قارىباش قوزىچاق قورقۇنچ ئىچىدە چىرقىراپ تاشلىدى، — بەرگەن ۋەدەڭ قېنى؟ ھۇ قارا يۈز، شەرمەندە!

— تولا كاپشىما! — دېدى بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، — كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئاۋۋال ساڭا تەگمىسەمزە، خۇدۇڭنى بىلمەي قالدىڭمۇ؟ ئالدىرىماي تۇر، ھازىرچە ئالا قوزا بىلەن قورسىقىمنى توقلاپ تۇراي، سەن ئەتە ئەتىگەنلىككە ناشتىلىققا ياراپ قالارسەن!

## بۇلۇت بىلەن ئىس

تۇرخۇندىن پۇرقىراپ چىققان ئىس تولغىنىپ يۇقىرى ئۆرلىۋېدى، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، قەۋەت-قەۋەتلىك كاتتا بىنالار پەستە قالدى. ئۇ قانچە يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى پەستىكى نەرسىلەر شۇنچە كىچىكلەپ باراتتى، ھەتتا ئاخىرىدا ئاران چېكىتچىلىك بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئىس ئۆزىنى گويا مۇئەللەقتىكىدەك سېزىپ: «ئەمدىغۇ مەندىن ئېگىز نەرسە يوقتۇ» دەپ مەغرۇرلۇق بىلەن ئاسمانغا كۆز تىكتى، پاھ، بۇ نېمە كارامەت! كۈمۈش رەڭ بۇلۇتلار گويا ئىسنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوقتەك توپ-توپى بىلەن ئاسمان قەرىدە بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرەتتى. «ھىم، بۇلۇت دېگەن قانچىلىك نېمىتى، ئۇنىڭ مەندىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇۋېلىشىغا نېمە ھەققى بار؟ بۇ مەن ئۈچۈن چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان خورلۇق، نومۇس!» ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بۇلۇتنى بىرلا يالماپ يۇتۇۋەتكىدەك ئەلپازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھوي، بۇلۇتۋاي، دەرھال ماڭا يول بوشات! بولمىسا بىقىنىڭنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىمەن!

بۇلۇت بەك ئېگىزدە بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى بولغاي، ئەتىمالىم، سەيلىسىنى داۋام قىلىۋەردى.

غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىس بۇلۇتقا راسا كېلىشتۈرۈپ بىر كاللا ئۇرماقچى بولۇپ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشكە تەرەددۇت قىلىۋېدى، تۇيۇقسىز چىققان غۇر-غۇر شامال ئۇنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى.

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا)




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئاچۇلانىپ① يېيىلىشىپ② بىر كۈن ئانالارىنە③ كېلدىلەر. ئاندا ئالانغۇ ئايدى، ئاي بالالارىم قالاي④ بارۇرسىز دېدى. ئاندا ئانلار ئايدىلار، سەنىڭ بىر ئۆترۈك⑤ سۆزىڭ ئېشتىپ كەلدۈك تېدىلەر. ئاندا ئالانغۇ ئايدى، ئاي، ۋاي شۇملار مەنىم سۆزىم نە ئۈچۈن ئۆترۈك بولسۇن دېدى. ئالار ئايدىلار، ئاي ئانا ئۆترۈك بولماي نە بولسۇن؟ قۇرساغىمدا بىر بالا بار دېپ، خەلق ئوغلىنە ئايتىب، سەن بىزنى ئوغۇلغا سانامايى قۇرساغىڭداغى بالانغا كۈتتۈرۈرسەن⑥ ئۆترۈك بولماي نە بولسۇن دېدىلەر.

ساقالۇنمۇسەن⑦ سۇۋ ئىچىب بۇۋاز⑧ بولماغا،

مانى دېگەن قۇشمۇسەن كۈن ئىسسى-سىنە⑨ بۇۋاز بولماغا،

قاۋۇن⑩ قار بۇزمۇسەن ئېرسىز ئورلىق يىيماغا⑪،

تاۋۇقمۇسەن كۈلگە ئاۋناب يۇمۇرتقا سالماغا ⑫،

قۇرت ئاناسىمۇ سەن كۆبۈك ئاشاب بۇۋاز بولماغا⑬.

سەنىڭ ئېرىڭ ئۆلگەندۇر. قۇرساغىمدا بالا باردۇر تېپ خەلقنى ئازدۇرۇرسەن تېدىلەر. ئىللا، سەن تۈنەگى كۈن⑭ بىر بۇتغە ساتغۇن⑮ ئالمىش يالىن⑯ بىرلە ئويناش ئېتىب، بۇۋاز بولغانسەن تېدىلەر. ئاندا ئالانغۇ ئايدى، ئاھ، ئاي خەلق ئوغلى، بۇ سۆز بۇ شۇملارنىڭ سۆزىمدۇر، يا سىزلەرنىڭمدۇر دېدى. ئاندا خەلق ئوغلى يىغلاشىب، كۈرۈلداشىب⑰ ئايدىلار، بۇ سۆز ئوغلانلارنىڭ سۆزىدۇر دېدىلەر. ئاندا ئالانغۇ ئايدى، ئاھ، ۋاھ، خەلق ئوغلى ئېمدى ئىشەنمەسسەڭىز سۆزىم ئولدۇر، بىر ئېكى ئۈچ كىشى ئىزۇڭىز بەلگۈسى ئولدۇر كىم كۈن بولۇب ئىنەر بۆرى بولۇب چىقار⑱ دېدى. ئاندىن سوڭ ئالانغۇغا بىلدۈرمەي ئۈچ كىشى قاراب تۇردىلەر. ئول ئۈچ كىشىنىڭ ئاتلارى بۇلاردۇر: بىرى قىپچاق دېگەن ئېردى؛ ئېكىنچىسى كېل مۇھەممەد دېگەن ئېردى؛ ئۈچۈنچىسى ئورداچ دېگەن ئېردى. بۇ ئۈچ كىشى ئېدى. تاڭ ماغى⑲ بولغان ئېردى، ھاۋادىن بىر يارۇقىن كۈن ئىندى كۆردىلەر. ئېرسە ئېسلەرى كېتدى⑳. بۇلار يەنە بىر ئانچەدىن سوڭ ئىسلەرىن يىددىلەر. ئېرسە بىربىرندىن سورىدىلەر، باياغى كۈن بولۇب ئىنگەن㉑ نە ئېردى دېدىلەر. كەلۈڭىز بىزلەر ئىسرگەن كىشى㉒ تېگ بولۇپ ئولتۇرغىنچە يالارىمزنى㉓ تارتىب چېكاللىك بۆرى بولسا چىقار دېدىلەر. ئاندىن تۇرا سالىب㉔ يالارىن چېكدىلەر㉕. كۆردىلەر كىم يىلقى ياللى كۆك بۆرى چىقا كەلدى. ئارتىنە㉖ قاراب چىنگىز! چىنگىز! تېپ

---

① ئاچچىقلىنىپ، ② بىر يەرگە يىغىلىپ، جەم بولۇپ، ③ ئانىلىرىنىڭ قىشىغا، ④ قەيەرگە، ⑤ يالغان سۆز، ⑥ ساقلايسەن، ⑦ بىر خىل ھايۋان، ⑧ ھامىلدار بولۇش، قورسىقىدا قېلىش، ⑨ كۈن ئىسسىغاندا، ⑩ قېتىشقان، ⑪ قار مۇزمىسەن بىر ئازگالغا يىغىلىپ قالدىغان، ⑫ توخومۇسەن كۈلگە ئېغىناپ تۇخۇم تۇغىدىغان، ⑬ قۇرت ئانىسىمۇسەن قوۋزاق يەپ ھامىلدار بولىدىغان، ⑭ تۈنۈگۈن، ⑮ سېتىلغان، ⑯ يالقۇن، ⑰ چۇرقىرىشىپ، ⑱ كۈن بولۇپ چۈشەر، بۆرى بولۇپ چىقار، ⑲ سەھەر ۋاقتى، ⑳ ھوشىدىن كەتتى، ㉑ كۆرۈنگەن، ㉒ ساراڭ بولغان، ㉓ ئوقيالىرىمىزنى، ㉔ ئورنىدىن تۇرۇپ، ㉕ يانى تارتتى، ㉖ ئارقىسىغا.

ئاۋاز بېردى. بارىب ئورمان ئىچىنە ئىندى㉗ مۇنى بۇ ئۈچ كىشى ئاشكارە كۆردېلار، بىلدىلار. بۇلا يەنە بارىب بۇ كۆرگەنىن بودونجار، قاغىنجار، سالجۇتقە ئايدىلار. ئالار ㉘ بۇ ئۈچ كىشىدىن ئېشتكەندېن سولڭ ئايدىلار، بولاسى بولۇر بولماي قالماس㉙، بىزنىڭ ئۇلۇشمىزنى ئالماس دېدىلار. ئاندىن سولڭ ئالانغۇنىڭ كۆزى يارۇدى. بىر ئېر ئوغلان تۇغۇردى㉚. ئالتۇن ئېزارلىق㉛ ياغرىندە㉜ مۇهرى، مۇهرىندە جەبرائىل فىرىشتەنىڭ ئاتى بار ئېردى. ئۆزى بۆرى ياغرىلى ئېردى. جەبرائىل كۆركلى ئېردى. يۈزىن كۆرگەن كىشى ئارتىندىن ئۆلەيىن دەر ئېردى. قاشىندە ئولتۇرغانلار مايدېگ ئېرۇر㉝ ئېردى. ۋە تاقى ئاتۇم㉞ تونۇم سەنىڭ بولسۇن دېر ئېردى. ئاندىن سولڭ چىنگىز ئۆسدى، ئۇلغايدى㉟. خەلققە ئادىل داد قىلىب فايدەلىغ بولدى. خەلق ئوغلى مۇنى سەۋۈب㊱ ئۆگۈب㊲ چىنگىزغە ئىيەرە㊳ باشلادىلار. چىنگىزنى غايەت ياخشى خان دېب، خاننىڭ ھەسبى بالاسى㊴ دېب ماقتادىلار. ئاغالارى بودونجار، قاغىنجار، سالجۇت بۇ چىنگىزنى كۆرە ئالماس بولدىلار، كۈنلەدىلار. تاقى ئايدىلار، كۆرۈڭلار ئېمدى نۆكەرلەرىمىز، خەلقىمىز ئويناشدىن تۇغغان ئوغۇلغە ئاۋارە بولدىلار دېدىلەر. ئانى ئۆلتۈرەلىڭ دېدىلەر. يوق ئېرسە تىنمازمىز㊵ دېدىلەر، ئاندىن سولڭ يەنە بۇ ئۈچ ئوغۇل كېڭەش ئېتىب㊶ بىر كۈن يىيلىب كەلدىلەر. خەلققە يار سالدىلار㊷، چىنگىزنى ئۆلتۈرەمىز دېدىلەر. ئاندا خەلق ئوغلى ئايدىلەر، هاي چىنگىز، سىز ئۈچەۋدىن يۈرتقا لايىق ئوخشايدۇر خەلققە فايدالىغدۇر. بۇ چىنگىزنى سىزگە ئۆلتۈرۈرگە بېرمەسبىز تېدىلەر. ئەگەر مال ئۈلەشىب ئالۇر بولساڭىز، ئاتاڭىزنىڭ مالىن ئۈلەشىپ ئالاڭىز تېدىلەر. يوق ئېرسە ئانۇڭ ئۈچۈن بىز ئۆلۈشۈرمىز تېدىلەر. ئاندە بۇ ئۈچەۋ خەلق ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئېشتكەندىن سولڭ قورقۇب نەرسە قىلا ئالمدىلار㊸. ئەمما كۆڭۈللەرىندە ئايدىلار، خەلق ئوغلى بۇ چىنگىزغا ئەۋرۈر㊹، مۇنى بىلگۈلى㊺ ئۆلتۈرۈب بولماس، بىلگۈسىز خەلققە بىلدۈرمەي ئۆلتۈرۈربىز تېدىلەر. خوش، ئانداغ بولساڭىز ئاتامىزنىڭ قالغان مالىن ئۈلەشىب ئالۇرمىز تېيب ئاتالارىنىڭ ھەرنە قالغان مالىن ئۈلەشىب ئالدىلار. ئەمما دۇيىن باياننىڭ بىر ئالتۇنلى گەۋھەرلى ساداقى بار ئېردى، باھاسىن تابمادىلار ئۈلەشمەي قالدۇردىلار. ئېمدى ئانامىز كىمگە بۇيۇرسە بۇ ساداقنى، ئول ئالسۇن دېدىلەر. ئۈلۈشىنە تېگگەن ماللارىن ئالغاندىن سولڭ ساداقنى ئالىب ئاناسى قاتىغە㊻ كەلدىلەر. تاقى ئايدىلار، ئانامىز سىز كىمگە يارلىقاب㊼، خانلىق بېرسەڭىز، بۇ ئالتۇنلى ساداقنى ئول ئوغلىڭ ئالسۇن دېدىلار. ئاندا ئالانغو ئايدى،

ئاھ، ئاي بالالارىم، ئۆز يۇرتىن يامانلاغان ئۆزگە يۇرتدا سۆكۈش㊽ بولۇر،

ئۆز ئاناسىن يامانلاغان يات دۇشمانغە تۇتغۇن بولۇر،

ئۆز كىشىن يامانلاغان دۇشمەنغا خور بولۇر،

سىز شۇملار بەنىم سۆزىم تۇتارمۇسىز تېدى. ئول ئۈچەۋ ئايدىلار، بەللى خوش تۇتارمىز㊾ تېدىلەر. ئېمدى سىزلەر سۆزىم تۇتار بولساڭىز، تەرازىدىن㊿ تۈشگەن كۈنگە فۇتالى فۇتاڭىزنى(51) سالىڭىز، قايسىڭىزنىڭ فۇتاسى ئاڭار ئىلىنىب توقتاسە، ئول ئوغلۇم خان بولسۇن، تاقى بۇ ئالتۇنلى گەۋھەرلى ساداقنى ھەم ئول ئوغلۇم ئالسۇن تېدى. ئېرسە ئالانغونىڭ بۇ سۆزنى ئانلار خوش كۆردىلەر. بېللەرىندەن ئالتۇنلى فۇتالرىنى سالىب باقتىلار. ئۈچەۋسىنىڭ فۇتاسى ئېلىنمادى، مەگەر چىنگىزنىڭ بىر يىفەك فۇتاسى بار ئېردى. ئول ھەم سالدى، ئانىڭ فۇتاسى ئېلىنىب توقتادى. ئانلار بۇ ئىشنى كۆرۈب تاڭغا قالدىلار. تاقى ئاچۇلارىندىن(52) ئايدىلار، بۇ ئانامىز ئالانغو غايەت جادۇ ئېمىش، كۆزىمىزنى باغلادى تېدىلار. كۆڭۈللەرىنە يامان ئالىب كېتدىلەر. ئەمما ھەر دائىم چىنگىزنى ئۆلتۈرمەك قەسدىندە يۈرۈر ئېردىلەر. ئاندىن سولڭ بۇ ياش ئوغۇل چىڭگىز، بۇ ئاغالارىم ماڭا دۇشمەن بولدى، مەنى ئاندىب(53) ئۆلتۈرۈرلەر دېب، باشىندىن قورقۇب قازاق چىقىب كېتەيىن(54) تېب كېڭەش ئېتىب بىر ئېكى ئۈچ يىگىت ئۆزىنە ئىيەرتىب(55)، ئاناسى ئالانغوغا كەلدى. ئايدى، ئەي ئانام، مەن ئېمدى بۇ يېردىن، بۇ يۇرتدىن

㉗ كىرىدى، ㉘ ئۇلار، ㉙ بولىدىغىنى بولماي قالماس، ㉚ تۇغدى، ㉛ ئالتۇن يۈزلۈك، ㉜ دۈمبىسىدە، ㉝ ياغدەك ئېرىش، ㉞ يەنە ئېتىم، ㉟ چوڭ بولدى، ㊱ سۆيۈپ، ㊲ ماختاپ، ㊳ ئەگىشىشكە، ㊴ ئېزباسارى، ㊵ يوقاتمىغىچە بولدى قىلمايمىز (توختىمايمىز)، ㊶ مەسلىھەتلىشىپ، ㊷ جار سېلىپ، ㊸ ھېچنېمە قىلالمىدى، ㊹ بەيئەت قىلىپ، ㊺ بۇنى ئوچۇق ئاشكارە ، ㊻ قېشىغا، ㊼ مەرھەمەت قىلىپ، ㊽ قارغىش، يامان سۆز، ㊾ ئوبدان ئەستە تۇتىمىز، ㊿ دېرىزىدىن چۈشكەن كۈنگە، (51) بېلىڭىزدىكى پوتىڭىزنى، (52) يەنە ئاچچىقلىنىپ، (53) ئالداپ، (54) تايغا چىقىپ كېتەي، (55) ئەگەشتۈرۈپ.

كېتەرمەن، ئۇشبۇ تېكەلىك سۇۋىنىڭ(56) باشىندا كۆرگۈرلەن دېگەن قارا تاۋ(57)باردۇر، ئۇل تاۋدا مەقام(58) يۇرت تۇتارمەن، قۇش، قۇرت ئاۋلارمەن(59)، ئۇل ئاۋلاب ئالغان قۇش چۇنىن چۇلقارمەن(60)، ئانى سۇغا يىبەرۇرمەن(61)، بىزنىڭ تىركلىگىمىزنى ئۇل قۇش جۇنىدىن بىلگەيسەن. ئايۇۋ ئاقۇرتۇرمەن(62)، ئارسلان يۇگۈرتۇرمەن، هەر كىم مەنى ئىزلەي ، سوراي بارسا، مۇندىن بىلسۇنلەر تېدى. ئۇزلەرى كېتدى. ئاناسى ئىلاي(63) قالدى. ئېرتەگۇسىن(64) خەلق ئوغلى كۆرۇنۇشكە(65) كەلدىلار. ئېرسە چىنگىزنى كۆرمەدىلەر. تاقى سوردىلار، چىنگىزخانىمىز قايدا دېدىلار، ئىستەدىلار، تابمادىلار. چۇرلانىب(66)، چىمىرغانىب(67)، ئىلەشدىلار(68). ئاندىن سولىڭ كەلىب ئالانغودىن سورىدىلار، ئۇل هەم ئايتمادى. چىنگىزخان قازاق چىقىب كەتكەندىن سولىڭ ئاغالارى بودونجار، قاغىنجار، سالچۇت خەلق ئوغلىنە زۇلم كۇچ ئېتەدىلەر. خەلق ئوغلى چىدامايىن ئالانغوغا كەلىب ئايدىلار، ئاي ئالانغو، ئۇل ئوغلۇڭ چىنگىزنى بىزگە كۆرگۈزگۈنچە كۆرگۈزمەي(69) جانىمىزنى ئالساڭ ئېردى. ئېمدى نە ئۇچۇن كۆرگۈزۇب جانىمىزنى ئالدىڭ تېدىلەر. چۇلاشىب، يىغلاشىب، ئاي ئالانغو! چىنگىزخانىمىزنىڭ خەبەرىن بىزلەرگە ئايتغىل، بىزلەر ئانى ئىستەي بارۇرمىز(70) تېدىلار.

ئاندا ئالانغو ئايدى، ئاه، ۋاي خەلق ئوغلى ئانداغ بولساڭىز ئوغلۇم چىنگىزنى سەۋسەڭىز(71)، ئېرتە بىرلە بېش ئالتى رۇۋىنىڭ(72) ياخشى لايىق كىشلەرى كەلىڭىز، ئانلارغا يولىن ئىزىن كۆرسەتەيىن تېدى. ئاندىن سولىڭ ئېرتە بىرلە ئالتى رۇۋىنىڭ لايىق كىشلەرى كەلدىلار، سورىدىلار، يولى قايدادۇر تېدىلار. ئاندا ئالانغو ئايدى، خوش ئېمدى بارىب شول تېكەلىك سۇۋىگە باقىب تۇرۇڭۇز(73)، خەبەرى كەلۇر تېدى. بۇلار سۇ ياقاسىنا بارىب تۇردىلار، هېچ نەرسە كۆرمەدىلەر. مەگەر(74) قەۋم-قەۋم قۇش چۇنى(75) كۆردىلار، يەنە قايتىب كەلدىلەر. ئاندا ئالانغو سورىدى، نە كۆردىڭىز تېدى. ئانلار ئايدىلار، يوق، نەرسە كۆرمەدۇك، مەگەر بىر قەۋم قۇش چۇنى كۆردۇك دېدىلەر ئاندا ئالانغو ئايدى، هاي، بىلىڭلار، ئېمدى مەندىن ئوغلۇم چىنگىزنىڭ خەبەرى ئۇشال (76) سىز كۆرگەن قۇش چۇنىدۇر تېدى. سىزلەر ئۇشبۇ تېكەلىك سۇۋىنى قىدرىب ئىزلەڭىز، تېكەلىك سۇۋىنىڭ باشىندا كۆزگۈرلەن دېگەن قارا تاۋنىڭ باشىندا بېش-ئالتى ئاغاچ(77) بولۇر، ئۇشال يېردە مەقام تۇتارمەن دېگەن ئېردى. ئۇشال چۇننى ئىزلەپ بارىڭىز دېدى. ئەمما تېكەلىك سۇۋىنىڭ ئېسكى قارى يۇلاسى(78) ئولدۇركىم، كۇندۇز تاشىب قاباغىندىن(79) ئاشار، كېچەسى ساباسىنا(80) تۇشەر تېدى. ئاندە يەنە ئالانغو ئالارغا ئايدى، ئېمدى سىزلەر ئۇل يېرگە بارىب يېتىب، هەر نە يولۇقساڭىز، كۆرسەڭىز سىزلەر مۇندە نە كىشلەرسىز(81) تېب سورىغاندە، دۇيىن، دۇيىن دېگەيسىز، ئەمما مەنىم ئوغلۇم چىنگىزنىڭ تۇسى، نىشانى ئولدۇركىم، ئاق تونلى، كۆك ئاتلى، ئالتۇن بۆرۇكلى، يۇزى غايەت كۆركلى، ئالتۇن ساداقلى ئېر، چىرايلى جەبرائىلدېك سۇنلى(82) تۇرۇر، ئاتىن قامچىلاسا غايىب بولغان دېگدۇر، ئاندان ئانى بىلگەيسىز تېدى. ئەمما چىگىزخاننى ئىستەي بارغان بېگلەرنىڭ ئاتلارى بۇلاردۇر: ئەۋۋەل ئۇيسىن مايقى بىي، ئېكىنچىسى قالدار بىي، ئۇچۇنچىسى ئورداچ بىي، تۆرتىنچىسى قىبچاق بىي، بەشىنچىسى تامىيان بىي، ئالتىنچىسى كېرەيت بىي، يەتىنچىسى بۇرتاق بىي، سەكىزىنچىسى تېمىر قۇتلۇق، توقۇزىنچىسى مۇتيان بىي، ئونۇنچىسى تاڭغۇت بىي ئېردى. بۇ ئون بېگ كېڭەش قىلىب چىنگىزخاننى سەۋىب(83)، ئانى ئىستەمەك قەستىندە بولدىلار. ئەمما تۆرت بەگ بۇنى ئىستەمەككە ئونامدىلار. قولداغى (84) خانىمىزنى خورلاب ئالسدان(85) ئىستەمەكىمىز بوش تېدىلەر. ئانلارنىڭ بىرى قوڭرات بىي، ئىكىنچىسى قىتاي بىي، ئۇچۇنچىسى سالچۇت بىي، تۆرتىنچىسى قىيات بىي ئېردى. ئەمما بۇ قىتاي، سالچۇت، قىيات ئۇچەگۇسى خەلق ئوغلىن بىيلەر(86) ئېردىلەر. قوڭرات بىي ئانلارنىڭ ئىشەنچلى كېشەشچىسى ئېردى. قوڭرات بىي چىنگىزخاننى ئىستەمەكلىككە بارمادى. بۇ ئايتىلگەن ئون كىشى ئۇل قوڭراتغە

(56) ئېقىننىڭ، دەريانىڭ، (57) قارا تاغ، (58) مۇقىم، (59) ئوۋلايمەن، (60) قۇشنىڭ تۈكىنى يۇڭدايمەن، (61) سۇغا قويۇپ بېرىمەن، (62) ئېيىق ئوۋلايمەن، (63) يىغلاپ، (64) ئەتىسى، (65) كۆرۈشۈشكە، (66) چۇرقىرىشىپ، (67) قىرو- چىرۇ قىلىپ، (68) پات - پاراق بولۇپ كەتتى، (69) كۆرسەتمەي، (70) ئىزدەپ بارىمىز، (71) ياخشى كۆرسىڭىز، سۆيسىڭىز، (72) قەبىلىنىڭ، (73) شۇ ئېقىننىڭ (دەريانىڭ) سۈيىگە قاراپ تۇرۇڭ، (74) ئەمما، (75) بىر قۇشلار تۈپىنى، (76) ئاشۇ، (77) ياغاچ، (78) بەلگە نىشانى شۇكى، (79) قىرغاقتىن تاشىدۇ، (80) ئورنىغا (ئەسلىدىكى جايىغا) چۈشىدۇ، (81) نېمە ئادەملەر، (82) سۈرلۈك، هەيۋەتلىك،(83) ياخشى كۆرۈپ، (84) ئېلىكىمىزدىكى، (85) يوشۇرۇن، (86) بىلەر.

باقىمدىلار كېتىدىلار. ئەمما ئۇيىشىن مايىقى بىي، ئۆزگە بېگلەرگە(87) بېلدۈرمەي ئالانغودىن بىر مۇھۇرلى يۈزۈگۈن (88) ئالدى، ئاندىن تېكەلىك سۇۋىن قىدىرىپ كېتىدىلەر. ئۈچ ئايدە بارىپ يېتىدىلار. بىر ئۈچەۋ(89) قىيا تاغىغە مىنىپ قارادىلار. ئارتلارىندە(90) بىر ئاق ساراي كۆردىلەر، ئۇل سارايلارغا ئىنمەدىلەر(91). ئاندە بىر تاۋ بار ئېردى. ئۇل تاۋنىڭ قاباغىندە ياتتىلار، بىر ئازنا تۇرىدىلار، ھېچ نەرسە نىشان بىلمەدىلەر. مەگەر بىر ئازنەدىن سوڭ، بىر ئاۋاز كەلدى. قارغە چارلاغاندىندېگ(92)، كىشى سۆزلەگەنتېگ(93) قاراپ يۈرۈب باقتىلار. بىر ئاز كىشى كەلىبدۇر، يولىنىڭ بويى چىقەياتۇر(94). شول تاغنىڭ قاباغىندان(95) بىرى كەلگەن ئوخشايدۇر تېدىلەر. ئەمما بۇلارنىڭ ئاۋازىن ئېشتىب ئاۋازلىرى تىندى، ئۇل كۈن ھېچ نەرسە بىلمەدىلەر. ئېرتېگۇسىن ئايۇۋ ئاقۇردى، ئارسلان قىچقۇردى. بىلدىلەركىم چىنگىزخان ئاۋ ئاۋلاي چىقتى(96) تېدىلەر. بۇلار ئۇل ئاۋازىن ئېشتكەچ يۈگۈرۈشىب باردېلار. كۆردېلەركىم بىر كۆك ئاتلى، ئاق تونلى، ئالتۇن بۆرۈكلى، ئالتۇن ساداقلى ئېر، چىرايلى جەبرائىلدېگ كۆركلى سىنلى(97) (يۆسنلى) چىنگىزنى تانىدىلەر ۋە بىلدىلەر. ئۇل كەلگەن چىنگىز ئايدى، كىملەرسىز، نىپ ئاندىب يۈرۈرسىز، نە كىشلەرسىز تېدى. بۇلار ئايدىلار، دۇيىن، دۇيىن تېب. بۇلاردىن ئۇل سۆزنى ئېشتكەندىن سوڭ، كۆزلەرىندىن غايىب بولدى. بۇلار يەنە يىغلاشىب قايتدىلار. ئۇل كېچ قايغۇرۇشۇب ياتتىلار.

ئاندىن يەنە ئەرتە بولدى، ئېرسە ئاۋازلار بىرلە چارلادىلار(98). ئاۋ توغان، تۇتياق، ئاق تايلاق تېيۇ چارلادىلار، ھېچ نەرسە ئاۋاز كەلمەدى. ئاندان سوڭ يەنە ئېكى، ئۈچ كۈن ياتدىلار. يەنە بىركۈن ئايۇۋ ئاقۇردى(99)، ئارسلان قىچقۇردى. بىلدىلەركىم چىنگىزدۇر ئاۋ ئاۋلاي چىقتى تېب ساۋىنىشدىلەر(100). يەنە بارىب كۆردىلەر، ئوشال كىشىنىڭ ئۆزىدۇر. ئاندېن بۇلارغە چىنگىزخان ئايدى، ھاي سىزلەر كىم سىز، ھەر دائىم بىزنى ئاندېب يۈرۈسىز تېدى. بۇلار ئايدىلا، دۇيىن، دۇيىن تېب چۇلاشىب تۇردىلار. بۇلار بولاي يىغلاغانغە(101) چىنگىزخان ئۆزى ھەم يىغلادى. يەنە ئايدى، ھاي سىزلەر نە ئۈچۈن مۇندا كەلدىڭىز تېب سوردى. بۇلار ئايدىلار، سەنىڭ ئارتىڭدان ئۆلمىلىك(102) تېب يۈرۈربىز دېدىلەر. ئاندا ئۇل چىنگىزخان ئايدى، ھاي، سىزنى مۇندا كەلۇرگە كىم ئۆگرەتتى تېدى. بۇلار ئايدىلار، بىزلەرگە رەھىم قىلىب سويۇرغاب(103) ئاناڭىز ئالانغو ئۆگرەتتى دېدىلەر. ئاندا چىنگىزخان ئايدى، خوش، ئېمدى ئانداغ بولسە قانى ماڭا ئانامنىڭ بىر بېلگۈسى بارمۇ تېدى، ئېرسە ئۆزگە بېگلەر تېك تۇردىلار. ئەمما ئۇيىشىن مايىقى بىي قولىندان ئالانغودان ئالغان مۇھۇرلى يۈزۈكنى چىقارىب بېردى. ئاندە چىنگىزخان يۈزۈكنى ئالىب باقتى. ئېرسە ئالانغونىڭ مۇھۇرلى يۈزۈگىنى تانىدى. تاقى كۈلۈب ئايدى، ئاي مايىقى بىي، ئەگەر مەن خان بولسام بېگلىك سەنىڭ بولسۇن تېدى. ئەگەر سەن بۇ مۇھۇرلى يۈزۈكنى ئالىب كەلمەسەڭ، ماڭا ئانامنىڭ بىر نىشانى كەلتۈرمەسەڭ مەن سىزگە يوق ئېردىم، تاقى سىز ماڭا ئېش يولداش(104) بولماس ئېردىڭىز تېدى. ئەمما بۇ سۆزدىن ئۆزگە بېگلەرىم(105) سىزلەر ھەم كۆڭلۈڭۈزگە يامان ئالماڭسىز، سىزلەر بارچەڭىز مەنىم جانىمسىز(106) دېدى. كەلىڭىز، ئېمدى قوشقا(107) قايتالىق، ئاندە بارىب ئولتۇرالىق تېدى. سارايغە باردىلار، بىر ئازنە ئاندە ياتىب ئاش يېدىلەر، تۈرلۈ شارابلار ئىچدىلەر، سونمەس چىراغ تۈكەنمەس ئاش(108) يېدىلەر. ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، كەلىڭىز ئېمدى كېچەش ئېتىب ئولتۇرالى، سىزلەركىم بىزنى ئىستەب كەلىبسىزلەر، نېچە رۇۋ خالق(109) بىرلە بىرسىز تېدى. بۇلار ئاياغقا ئۆرە تۇرۇب ئۆتۈندىلەر ۋە تاقى ئايدىلار، ئاي ئۇلۇغىمىز، خانىمىز، كەلگەن رۇۋدىن سورساڭىز بىزلەر مۇندا سىزنى ئىستەي كەلگەن ئون كىشىمىز، توققۇز رۇۋدان تېدىلەر. ئەمما قالدار بىي يالغۇز ئۆزىدۇر، ئاناڭىز ئالانغو بىزلەرگە قوشۇب يىبەردى، ئەمما قوڭرات بىي سىزنى ئىستەي كەلمەككە ئونامادى. ئۇل ئۆزى تاقى رۇۋ بىرلە سەنىڭ ئاغالارنىڭ قاشىندادۇر دېدىلەر. بىزلەر سىزنىڭ مۇبارەك يۈزىڭىزنى ئارزۇلاب

---

(87) باشقا بەگلەرگە، (88) ئۈزۈكنى، (89) بۇ ئۈچى، (90) تۆۋەندە، ئاستىدا، (91) بارمىدى، كىرمىدى، (92) سايرىغاندەك، چىللىغاندەك، (93) سۆزلىگەندەك، (94) بىر مۇنچە ئادەم يولنى بولاپ كېلىۋاتاتتى، (95) تۆۋىدىن، (96) ئوۋ ئوۋلىغىلى، (97) كېلىشكەن، بەستلىك، (98) ھۇشقۇيتماق، (99) ئېيىق ئوۋۇلدى، (100) خۇشال بولۇشتى، سۆيۈنۈشتى، (101) بۇلار شۇنداق يىغلىۋىدى، (102) سېنىڭ كەينىڭدىن ئۆلەيلى، (103) مېھرىبان، (104) قېرىندىشىم، قوللىغۇچىلىرىم، (105) باشقا بەگلەر، (106) يۈرەك پارەم، جان-جىگەرلىرىم، (107) ئۆيگە، (108) غىزا يېيىشتى، (109) نەچچە قەبىلىنىڭ.

ئارتۇگىزدان ئۆلە يېتە كەلدۇك(110). سىزگە قوشۇلدۇق ھەم ئۆزىمىزبارچە رۇۋ خالقىمىز بىرلە سەنىڭ قۇلۇگىزمىز تېدىلەر. ئاندا چىنگىزخان ئانلاردىن بۇ سۆزنى ئېشتىب ئېرسە ساۋىنىب ئايدى، ئاي بېگلەرىم، ئۇلۇغلارىم ئېمدى بۇ كۈندىن سولڭ سىز مەنىمسىز، مەن سىزنىگمەن(111) تېدى. بۇلار چىنگىزخاندىن بۇ سۆزنى ئېشتىلەر. ئېرسە غايەت سەۋىندىلەر. تاقى ئېمدى سەنى بىزلەرگە تەگرى بېردى، ئانىڭ شۇكرىلگى ئۈچۈن بۇ مىنىب كەلگەن ئاتلارىمىزنى ئازاد يىبارالى(112) تېدىلەر. مىنىب بارغان ئاتلارىن چىنگىزخانى بولغانلىرى ئۈچۈن، ئازاد قىلدىلەر، ئاندىن سولڭ چىنگىزخان بۇلارغە ئايدى، ھاي، مەنى نە بىرلە ئېلتارسىز (113) تېدى. ئانلار نە بىرلە ئالىب بەرەسىن(114) بىلمەدىلەر. ئەمما قالدار بىي ئايدى، مەن بىر ھۈنەر چىقارايىن تېدى. بۇلار ئايدىلار، كۆرسەت تېدىلەر. ھېچ كىم ئېرسە بىلمەس ئېردى. ئۆز ئۇستاتلىقىندىن(115) بىر ئاربە(116) ياسادى. ئېمدى ئاربە پىرىن سورسالار(117) يالىن بىي ئوغلى قالدار بىي تېمەك كەرەك(118). ئاندە يەنە ئاربەنى تۈزۈت تامام قىلغاندىن سولڭ(119) چىنگىزخانى ئاربەغە ئولتۇرۇرغە ئۆتىندىلەر(120). چىنگىزخان كەلىب ئاربەنى قارادى، خوش قىلىبسەن تېب قالدار بىينى ماقتادى. ئاندىن سولڭ چىنگىزخان ئاربەغە ئوتتۇردى. بۇ بارغان بېگلەر ئۆزلەرى ئاربا سۈرەدىلەر، تارتدىلار. ئاندا ئۇيىسىن مايقى بىي ئايدى، ئاي بېگلەر، مەن سىزنىڭ شايىگىز بارا ئالماندۇر(121)، ئاياقىم قىسقەدۇر تېدى. ئاندە بېگلەر ئايدىلار، ئېمدى نەتەگ (122) قىلۇرسۇن؟ ئاندە مايقى بىي ئايدى، مەن خانىدان ئۆتۈنەيىن رۇخسەت بولسە خان بىرلە ئاربەغە ئولتۇرايىن، قايىسىگىز ئاربەنى تارتمەسە مەن ئانى تاياق بىرلە كۆتكە تۆرتەيىن(123) تېدى. ئاندە بۇلار ئايدىلار، خوش ئالاي ئېت (124) تېدىلەر. ئاندىن سولڭ مايقى بىي چىنگىزخاندان ئۆتۈندى. تاقى ئايدى، ئاي خانىم مەنىم ئاياغىم قىسقەدۇر، ئاربەنى تارتەئالماندۇر، سۆيۈرغەسەلڭ(125) مەن سەنىڭ بىرلە ئاربەغە ئولتۇرۇرمەن تېدى. ئاندە چىنگىزخان ئايدى، خوش ئولتۇر دېدى. ئاندىن سولڭ بۇ بېگلەر بىر ئانچە كۈنلەردىن سولڭ كەلىب، چىنگىزخانى ئالىب ئالانغونىڭ شەھرىنە يېتدىلەر. ئالانغوغە خەبەر قىلىب سەرايغا ئىندىلەر. ئەمما ئاندا چىنگىزخانىڭ ئارتىندىن قايىسسى ئىنەرىن بىلمەدىلەر. ئاندا مايقى بىي ئايدى، ئاي خانۇم، سىزدەن سولڭ ئاربە تارتقان ئۆكۈز ئىنەرمۇ(126)؟ ئانى يەككەن ئىيەسى ئىنەرمۇ(127)؟ تېدى. ئېرسا ئاندا چىنگىزخان ئايدى، ئىيەسى ئىنمەي ئۆكۈز ئىنەرمۇ تېدى. ئېرسە مايقى بىي رەۋان يۈگۈرۈب ئىندى. خانىڭ ئولڭ يانىندا ئورۇن ئالدى. ئۆزگە بېگلەرى يەنە ئولتۇردىلار.

ئېرتەگۈسىن چىنگىزخان تۆرت رۇۋ ئىلىڭ كىشىنە ئۈلۇغ قىرغىن(128) ئېتدى. ئوشال ئۇلۇغ قىرغىندا بودونجار، قانغىنجار، سالچۇت تاقى قوگىرات بىينى تەمام قىردىلار، ئۆلتۈردىلەر، ئامان بېرمەدىلەر. ئەمما ئول ۋاقتدا قوگىرات باترىنىڭ بىر قىز قارداشى(129) بار ئېردى. بۆرتې قۇچىن ئاتلىغ ئېردى. ئول بۆرتې قۇچىن ئۇلۇغ قىرغىندا ھالاك بولماسۇن تېب تۆرت ئوغۇلنى ئالىب قالىب ياشۇرۇب ئاسرار ئېردى(130). تۆرتۈنچى ئاغاسى قوگىرات بىينىڭ ئوغلى ئېردى، ھېچ بىر خەلقغە بىلدۈرمەدى. ئاندا خەلق ئوغلى ئاگلاشىب، تىرگەشىب(131) چىقاردىلار، تاقى خانغا بارىب ئايدىلار. ئېرسە چىنگىزخان ئاچۇلانىب كىشىلەرنى ياشىرگەن(132) كىمدۇر تېدى. ئاندا تۇرغان بېگلەر ئايدىلار، ئاي خانىم، قوگىرات بىينىڭ قىز قارداشى بۆرتې قۇچىن ياشۇرۇبدۇر تېدىلەر. ئاندا خان ئايدى، بارىگلەر ئانى مۇندا تېز كېلتۈرۈگلەر تېدى. ئېرسە راۋان ئوق(133) باردىلار. بۆرتې قۇچىنغا ئايدىلار، تېز بول سەنى خان ئۈندەر(134) دېدىلەر. ئاندە بۆرتې قۇچىن بۇ سۆزنى ئېشتدى. ئېرسە خوش بارايىن تېب تۇرا سالىب(135) سىرت كىش(136) تونىنى يېلبەغەي(137) يابۇنۇب تاقى بىر ئال(138) يىفەك پەشمەتى بار ئېردى ئانى كىيدى. تاقى بىر قارا تۈلكى بۆركى بار ئېردى باشىقا كىيدى. تاقى ئول ياراشۇب ئالىب چالغان(139) تۆرت ئوغۇلنى ئۆزى بىرلە بىرگە ئالدى.

(110) ئارقىگىزدىن مىلڭ بىر مۇشەققەتە يېتىپ كەلدۇق، (111) سىز مېنىگكى، مەن سىزنىگكى، (112) ئازاد قىلۋېتەيلى، (113) نېمە بىلەن ئېلىپ كېتىسلەر، (114) نېمە بىلەن بېرىشنى، (115) ئۇستىلىقىدىن، (116) ھارۋا، (117) ھارۋىنىڭ پىرىنى سورىسىگىز، (118) دېمەك كېرەك، (119) تولۇق ياساپ بولغاندىن كېيىن، (120) ھارۋىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، (121) مەن سىزنىڭ شەھرىگىزگە بارالمايمەن، (122) قانداق ئامال قىلىسەن، (123) ئۇنىڭ كاسىسىغا ئۇراي، (124) بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، (125) خالىساڭ، (126) ئۆكۈزمۇ كەلدىمۇ، (127) تۆغقان ئىنىسىمۇ كەلدىمۇ، (128) قاتتىق قىرغىن قىلدى، (129) سىگلىسى، (130) يوشۇرۇپ قالدى، (131) تىركىشىپ، (132) يوشۇرغان، (133) تېز باردى، (134) چاقىرىدۇ، (135) ئورنىدىن تۇرۇپ، (136) سارغۇچ تونىنى، (137) ئۇستىگە يالاڭ يېپىنىپ، (138) ھال رەگلىك يىپەك تونى، (139) قۇچاقلىغان.

ئول ئوغلانلارنىڭ قايسىسى ئون بىر ياشار، تاقى بىرىسى ئون ئىكى ياشار، تاقى بىرىسى ئون ئۈچ ياشار، يەنە بىردىسى ئون تۆرت ياشار ئېردى. بۇ ئوغلانلار غايەت كۆركلۈگ ئېردىلەر. بۆرتې قۇچىن ئۆزى ھەم بېش(140) ئارتۇق ئېردى. ئانداغ سۇلۇ كىشىنى(141) ئول زاماندا ھېچ كىشى كۆرمۈشى يوق ئېردى. تەڭرى قۇدرەتى بىرلە پەيدا بولمىش ئېردى. قىرىق قۇلاچ ساچى بار ئېردى، ئارتىندان ئىكى دايەسى(142) ئالتۇن تاباقغا(143) ساچىن سالىب يۈرۈتۈر ئېردى. ئاندا خەلق ئوغلى ئايدىلار، ئاي بۆرتى قۇچى، سەن بۇ سىفەتلى كۆرۈكلى كىشى نە ئۈچۈن مۇنداي ئىش قىلدۇڭ؟ بۇ ئوغلانلارنى ياشۇردۇڭ؟ ئوغرى بولدۇڭ تېدىلەر. ئاندا بۆرتى قۇچىن ئايدى، ئاي خەلق ئوغلى مەن سىزگى نە ئىش قىلدىم(144)؟ ئوغرى بولسام خانغا ئوغرى بولدۇم تېب جەۋاب بېرۈر ئېردى. ئاندىن سوڭ بۆرتې قۇچىنى ئوغلانلار بىرلە چىنگىزخانغا ئالىب كەلدىلەر. خان تاقى مۇنۇڭ كۆركىنى، ئۈزۈن ساچىنى كۆرۈب تاڭغا قالدى (145). ئايدى، ئاي بۆرتې قۇچىن، نە ئۈچۈن ماڭا ئوغرى بولدۇڭ؟ بۇ ئوغلانلارنى ياشۇردۇڭ تېدى. ئاندا بۆرتې قۇچىن ئۆتۈنۈب ئايدى، ئاي خانىم مەن سەنى ئاياغان ئۈچۈن، ئاياب ئوغرى بولدۇم، ياشۇردىم تېدى. ئاندا چىنگىزخان ئايدى، نېئۈچۈن مەنى ئايادىڭ تېدى. ئېرسە بۆرتې قۇچىن ئايدى، ئاي خانىم سەنىڭ جانىڭغا كۈچ بولۇر تېدىم. ئاندا خان ئايدى، مېنىم جانىمغا نېچۈك بولۇر تېدى. بۆرتې قۇچىن ئايدى، ئاي خانىم، ئانىڭ ئۈچۈنكىم نۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاماندا خۇدايى تەبارەك ۋەتەئەلا كافىرلەرغە قەھر قىلىب، تۇفان سۇۋىنى يېبەردى. كافىرلەرنى تۇفان سۇۋىغا باتۇردى(146)، يوق قىلدى. تاقى ئول تۇفاندا ھەر جانلىقنىڭ ئېركەگى تاقى تىشىلىك نەسلى(147) كېسۈلمەسۈن تېب، نۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمەسىندە قۇتقاردى، ئازاد قىلدى، سەن خان بولساڭدا تەڭرى تەئەلانىڭ قۇلى دەگۈلمۇسەن(148)، ئارسلان كېيىك، ئېركەچ ئاشا سەكرىب ئارتىنداغىن قايتىب ئالماس(149)، ئازاد قىلۇر، يىبەرۇر(150). ئاي خانىم، سەن ئادەمسەن مەنى تاقى بۇ ئوغلانلارنى ئازاد قىلغايسەن، ئول ئاچىقلىق يامان قىرغىندا خالق ئوغلى بۇلارنىڭ قەدرىن بىلمەسلەر ئۆلتۈرۈرلەر، توخۇمى نەسلى رۇۋى كېسىلمەسۈن (151) تېب ئالىب قالدىم تېدى. ئاندە چىنگىزخان ئايدى، هاي سەنىڭ شول ياخشى دەللى سۆزۈڭ ئۈچۈن تاقى سەنىڭ دېگىزدېگ كۆڭلۈڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ ئۆلۈمدان ئازاد بولسۇن تېدى.

كېل ئېمدى ئاي بۆرتې قۇچىن،
مەنىڭ قاتىغ(152) كۆڭلۈمنى قالدۇرماغىل،
ئۆزىڭنى مەندىن ئايىرماغىل

تېدى. ئاندە بۆرتې قۇچىن ئايدى، خوش سىز مەنى سەۋسەڭىز مەن سىزنىڭمەن تېدى. ئاندىن سوڭ چىنگىزخاننىڭ كۆڭلى ئېرۈدى. ئېكەۋلەسى(153) بىر بىرىنى قابۇل قىلىب ھالال جىفت بولدىلار. خەلايىقغا ئۇلۇغ(154) توي قىلدىلار، بۇ دۇنيانى ئۆزدۇردىلەر(155).

يەنە ياشۇرۇب قالماسۇن كىم چىنگىزخاننىڭ بۆرتې قۇچىندان تۆرت ئوغلى بولدى. ئۇلۇغ ئوغلى يۈچى خان، ئېكىنچىسى جاداي خان، ئۈچۈنچىسى كېرەي خان، تۆرتىنچىسى تولى خان دېگەن ئېردى. يەنە ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ياخشى قىلىق بىرلە، ئادىل داد قىلماق بىرلە ئىدى. نەسلى لەشكەرى بىرلە يۈرىب ئۇرۇشىب كۆب خانلارنى ئوردالارنى ئۆزىگە باقتۇرغان(156) ئېردى. تاقى ئانىڭ ئاتى چەبى دۇنيەغە تولغان ئېردى. ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئۆزىنى ئىستەي بارغان(157) بېگلەرگە، تاقى ئۆزىگە بېگلەرگە ھەربىرسىنە ئورۇن، مەقام تايىن بېلگۈلىك قىلىب ئېلكۈن بېردى(158)، سويۇرغادى(159)، ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئوشبۇ بېگلەرنىڭ بارچەسىنە ئۆزلۈ-ئۆزىگە(160) تامغا قۇش، ئاغاي ئورانلار(161) بېرىب، باۋ خالق قىلىب ئايۇردى(162).

ئەۋۋال باشلاب بودونجار ئوغلى قىياتغا ئايدى، سەنىڭ ئاغاچىڭ(163) قاراغاي بولسۇن، قۇشۇڭ شونقار بولسۇن، ئۇرانىڭ ئارۇچان بولسۇن، تامغاڭ ئاچاماي(164) بولسۇن، يانى ئەۋرىنە تامغا بولسۇن تېدى. سىفاتى ئوشبودۇر. يەنە ئاندىن سوڭ چىنگىزخان قوڭرات بېي ئوغلى

(140) بەش ياش چوڭ، (141) چىرايلىق، (142) ئىككى دىدەك، (143) ئالتۇن تاۋاق، (144) مەن سىزگە نېمە ئىش قىلىپتىمەن، (145) ھاڭ تاڭ قالدى، (146) تۇفان بالاسىغا باستۇردى، (147) چىشى نەسلى، (148) سەن ئۆزەڭنى ئاللاھنىڭ قۇلى دېسەڭ، (149) ئارسلان كېيىك سەكرىتىپ كەينىدىن ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ، (150) ئازاد قىلىۋەت، (151) نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، (152) قاتتىق، قاتقان، (153) ئىككىلىسى، (154) چوڭ، (155) دۇنيانىڭ لەززىتىنى سۈردى، (156) بويسۇندۇرغان، بەيئەت قىلدۇرغان، (157) ئىزدەپ بارغان، (158) ھەر بىرسىگە مۇقىم يۇرت - ماكان بۆلۈپ بەردى، (159) رەھىم - شەپقەت، (160) ئۆز- ئۆزىگە، (161) بىر خىل بەلگە (ھۇكىرىگەندەك چىققان ئاۋاز)، (162) ئىتپاقلاشقان، (163) ياغاچ، (164) ئاچا شەكىلدىكى.

MIRAS

سەگلەغە ئايدى، ئاي سەگلە، سەنىڭ ئاغاچىڭ ئالماغاي[165] بولسۇن، قۇشۇڭ لاچىن بولسۇن، ئۇرانىڭ قوڭرات بولسۇن، تامغاڭ ئاي تامغا بولسۇن، سىفەتى ئوشبۇدۇر. يەنە ئەندىن سوڭ چىنگىزخان ئايدى، ئۈيسىن مايقى بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ قاراغاي بولسۇن، قۇشۇڭ قارا قۇش بولسۇن، ئۇرانىڭ سالۋات بولسۇن، تامغاڭ سىرگە بولسۇن، سىفەتى ئوشبۇدۇر. يەنە ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئورداي بىيگە ئايدى، ئاي مىلىڭ ساداقلى ئورداي يانى مىلىڭ تېمەكلىك ئاندىن قالدى ئورداي بىي غايەتدە باي كىشى ئېردى. ئۇرۇشغا چىقار بولسا مىلىڭ ساداقلى كىشى بىرلە چىقار ئېردى. چىنگىزخان ئوردايغە ئايدى، ئورداي سەنىڭ ئاغاچىڭ قايىن[166] بولسۇن، قۇشۇڭ قارچىغا بولسۇن، ئۇرانىڭ ئالاچ بولسۇن، تامغاڭ قۇش قابىرغا[167] بولسۇن تېدى. سىفەتى ئوشبۇدۇر. يەنە ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئايدى، ئاي تامىيان بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ تىرەك بولسۇن، قۇشۇڭ قىرغىي بولسۇن، ئۇرانىڭ تۇتىيا بولسۇن، تامغاڭ ئىرغاق[168] بولسۇن، سىفەتى ئوشبۇدۇر . يەنە ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئايدى، ئاي قىپچاق بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ قاراما بولسۇن، قۇشۇڭ بۇركۇت بولسۇن، ئۇرانىڭ توق سابا بولسۇن، تامغاڭ تاراق بولسۇن تېدى. سىفەتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، ئاي جورماتى بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ ئۈيەگى بولسۇن، قۇشۇڭ ئىتەلگۈ بولسۇن، ئۇرانىڭ ئاق تايلاق بولسۇن، تامغاڭ سىنلى سىنەك بولسۇن تېدى. سىفەتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئايدى، كېرەيت بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ چۆكە[169] بولسۇن، قۇشۇڭ قاز[170] بولسۇن، ئۇرانىڭ ئار بۆرۇ[171] بولسۇن، تامغاڭ كۆز تامغا بولسۇن تېدى. سىفاتى ئوشبۇدۇر. يەنە ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئايدى، ئاي مۇتيان بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ مىلەش بولسۇن، قۇشۇڭ تۇرنا بولسۇن، ئۇرانىڭ بايغوگرات بولسۇن، تامغاڭ قۇيۇشغان بولسۇن، سىفەتى ئوشبۇدۇر . ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، ئاي بۇرجان بىي، سەنىڭ ئاغاچىڭ ئىمەن[172] بولسۇن، قۇشۇڭ كۇچۇگەن[173] بولسۇن، ئۇرانىڭ ئاق توغان بولسۇن، تامغاڭ جاغالباي بولسۇن تېدى. سىفاتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، ئاي بورقىت بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ چاغان بولسۇن، قۇشۇڭ هۆدەهۆد[174] بولسۇن، ئۇرانىڭ بۇرۇج بولسۇن، تامغاڭ ئامزا بولسۇن، سىفاتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، قاغىنجار ئوغلى قاتايغا سەنىڭ ئاغاچىڭ ئارتىش بولسۇن، قۇشۇڭ داۋدۇ بولسۇن، ئۇرانىڭ تايلاق بولسۇن، تامغاڭ سەرۇ بولسۇن، تېدى. سىفاتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، ئاي قالدار بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ ساندال بولسۇن، قۇشۇڭ كۆگەرچىن بولسۇن، ئۇرانىڭ ئارناۋ بولسۇن، تامغاڭ چۇمۇچ بولسۇن تېدى. سىفاتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ چىنگىزخان ئايدى، ئاي سالجۇت بىي سەنىڭ ئاغاچىڭ كۆبرۇج بولسۇن، قۇشۇڭ كۆيۈلدۈ بولسۇن، ئۇرانىڭ بارلاس بولسۇن، تامغاڭ ئۈي تامغا بولسۇن تېدى. سىفاتى ئوشبۇدۇر. ئاندىن سوڭ يەنە چىنگىزخان ئايدى، ئاي تېمىر قۇتلۇ بىي سەن قارا كىشدەن بايلىغلىڭ بىرلە كۆپ مال بېرمەكلىگلىڭ بىرلە بىيلىك تابدۇڭ[175]، سەنىڭ ئاغاچىڭ چىرۇك بولسۇن، قۇشۇڭ سايىسقان[176] بولسۇن، ئۇرانىڭ تابان بولسۇن، تامغاڭ يارىم تاراق بولسۇن، تېدى. سىفاتى ئوشبۇدۇر. يەنە چىنگىزخاننىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرانى جان قابا دېگەن ئېردى. چىنگىزخان ئوشبۇ ئايتىلغان بېگلەرنىڭ هەر بىردىسىن لەشكەر باشى قىلىب، ئوردا ئالغالى يىبەدۇر ئېردى. ئول ئۇلۇغ ئاغىر چەرۇلەردە[177] خالق ئوغلى بىر - بىرسىنى ئۇرانلى ئۇرانى بىرلە تابار ئېردىلەر[178]، ئېمدى بارچە ئۇرانلارنىڭ ئاتلارى بۇلاردۇر، ئەۋۋال خان ئۇرانى جان قابا، ئاندىن سوڭ بارچە بىيلەرنىڭ ئۇرانلىرى بۇلاردۇر، ئارۇۋ جان، قوڭرات، سالاۋات، ئالاج، تۇتيا، توق سابا، ئاق تايلاق، ئار بۆرۇ، بايغوگرات، ئاق توغان، بۇرۇج تايلاق، ئانراۋ، بارلاس، تابان يەنە مەلۇم ئولاكىم چىنگىزخان هەردايىم كېيىك ئاۋلاي چىقار بولسا ئوشبۇ ئەيتىلگەن بىيلەرنى قۇشلارى بىرلە ئالىب چىقار ئېردى. ئېمدى ئول قۇشلارنىڭ ئاتلارىن بارچەسىنى جەم قىلىب، ئايتەلىك ئەۋۋال چىنگىزخاننىڭ ئۆز ئېكى باش قاراقۇش ئېردى. ئۆزگە بېگلەرنىڭ قۇشلارى بۇلاردۇر، شونقار، لاچىن، قاراقۇش، قارچىغا، قىرغىي، بۇركۇت، ئىتەلگۈ، قاز، تۇرنا، كۇجۇگەن، هۆدەهۆد، قاۋدۇ، كۆگەرچىن كۆيۈلدۈ، سايىسقان. يەنە مالۇم بولدىكىم چىنگىزخاننىڭ ئۆزىنىڭ ئاغاچى چىنار ئېردى. ئۆزگە بېگلەرنىڭ هەم ئا-

[165] ئالما، [166] قېيىن دەرىخى، [167] قۇش قۇۋۇرغىسى، [168] ئوغاق، [169] بامبۇك، چوكا، [170] غاز، [171] ئەركەك بۆرە، [172] ئەمەن، [173] كەپتەر، [174] هۆپۈپ، [175] بايلىق تاپتىڭ، [176] سىغىزخان، [177] ئېغىر كۆنلەردە، [178] بىر- بىرىنىڭ ئۇرانى بىلەن.

فاچلارن بارچەسىن جەم قىلىپ ئايتەلىك قاراغاي، ئالماغاچ، قاراغاچ، قايىن، تېرەك، قاراما، ئۈيەنگى، جۆكە (چۆكە)، مىلەش، ئىمەن، چىغان، ئارتىش، ساندال، كۆرۈچ، چىرۇك. يەنە مالۇم بولغايكىم چىنگىزخان ئۆزىنىڭ تامغاسى قۇش باش دېگەن تامغا ئېردى، سىفاتى ئۇشبۇدۇر. ئۆزگە بېگلەرنىڭ ھەم تامغالارنى جەم قىلىپ ئايتەلىك. يەنە مالۇم بولغايكىم چىنگىزخان ئەيتىلغان بېگلەرنىڭ ھەر بىرىسىنە ئۇرۇشغا لايىق ھەيبەتلىك بولماق ئۈچۈن بىرەر ساۋۇت ئاتاب بېردى. ئەۋۋال چىنگىزخاننىڭ ئۆزىنىڭ ساۋۇتى بۇيان دېگەن ساۋۇت ئېردى. ئۇلۇغ ئوغلى يۆچىنىڭ قاراتاۋ[179] دېگەن ساۋۇت ئېردى. ئىكىنچى ئوغلى جادايىنىڭ ئالتۇن ساندۇق دېگەن ساۋۇت ئېردى. ئۈچۈنچى ئوغلى كېرەيىنىڭ بەكتەر دېگەن ساۋۇت ئېردى. ئاندىن سولڭ چىنگىزخان بېگلەرىنە ھەر بىرىسىنە بىرەر ساۋۇت بېردى. ئاندىن سولڭ بودونجار ئوغلى قىياتغا قالا دېگەن ساۋۇتنى بېردى. قوڭراتغا ئاي قولتۇق دېگەن ساۋۇتنى بېردى. مايقىغا سىغىر دېگەن ساۋۇتنى بېردى. ئورداچىغا چەچەكۆز دېگەن ساۋۇتنى بېردى. تامىيانغا كۆيلەكسە دېگەن ساۋۇتنى بېردى. قىپچاقغا كۆك ياقا دېگەن ساۋۇتنى بېردى. جورماتىغا ئون قارىش دېگەن ساۋۇتنى بېردى. كېرەيتگە ئۇيلما دېگەن ساۋۇتنى بېردى. مۇتيانقا قاتى قاباق دېگەن ساۋۇتنى بېردى. بۇرجانگە قۇسقاچ دېگەن ساۋۇتنى بېردى. بورقىتگە كۆرلەچ دېگەن ساۋۇتنى بېردى. قايىنجار ئوغلى قىياتغا بوز قالپاق دېگەن ساۋۇتبى بېردى. قالدارغا چۇقا تۇرغاي دېگەن ساۋۇتنى بېردى. سالجۇتغا قۇيۇرجاق دېگەن ساۋۇتنى بېردى. تېمىر قۇتلىغا بۇزاۋ باش[180] دېگەن ساۋۇتنى بېردى.

ئېمدى ئۇشبۇ ساۋۇتلارنىڭ بارچەسىنىڭ ئاتلارىن جەم قىلىپ ئايتەلىك، بۇيان قارا تاۋ ئالتۇن ساندۇق بەكتەر ئۆت يېرەكە قالا ئاي قولتۇق سىغىر چەچەكۆز كۆيلەكسە كۆك ياغا ئون قارىش ئۇيلما قاتى قاباق، قۇسقاچ، كۆرلەچ، بوز قاباق، چۇقا تۇرغاي، قويۇرچاق، بۇزاۋ ياش كىرەۋگە ئاندىن سولڭ چىنگىزخان بېگلەرنى تامامىسىن كۆز ئۇستۇندە قاشى تېگ[181] كۆرۈر ئېردى.

ئىيش ـ ئىشرەت قىلۇر ئېردى. دۇنياسىنا قۇۋانىب[182]، پادىشاھلىقغا ماغرۇر مەشغۇل ئېردى. ھەر دائىم تەماشا قىلۇر ئېردى.

ئاندىن سولڭ يەنە چىنگىزخان كۈنلەردە بىر كۈن ئوغلانلارى، بېگلەرى بىرلە ئاۋ ئاۋلاي چىقىب، يالاندا يۈرۈر ئېردىلەر. يولبارس دېگەن كىيىكنى كۆردىلەر. ھەر بىرىسى ئوقلارىن ياغا كەزلەپ ياراشتۇرۇب قويدىلار، قايالارنى ئاشۇردىلار. ھېچ بىرىسى يېتە ئالمادىلار، ئاخىر بار ئۈچ كىشى قوۋۇب[183] يېتدىلەر، يولبارسنى ئاتىب يىقتىلار. بىرىسى قوڭرات باتىرنىڭ ئوغلى سەڭلە، ئىكىنچىسى مىلڭ ساداقلى ئورداچ، ئۈچۈنچىسى تامىيان بۇ ئۈچ كىشى يولبارسنى ئۆلتۈرۈب، چىنگىزخانغا كەلتۈردىلەر، خان بۇنلارنىڭ بۇ ئېرلىكلەرىن كۆرۈب تاڭغا قالىب ھەر بىرىسىنە مىڭەر تەڭگە ئالاپا[184] بېردى. ھەر يېردە مەجلىسدە بۇلارنىڭ ئېرلىكلەرىن سۆيلەر ئېردى. يەنە بىر كۈن چىنگىزخان ئاۋغە بېگلەرى بىرلە چىقىب يۈرۈر ئېردى. يالاندا[185] بىر بۇلان كىيىكنى[186] كۆردىلەر، قوۋدۇلار[187]. بۇرجان بېىنىڭ بىر يۈگۈرۈك ئاتى بار ئېردى. يۈگرۈكلىگىندە ئانداغ ئېردىكىم بۇلاننى يېتىب مۈيۈزىندان تۇتار[188] ئېردى. بۇرجان بىي يېتىب كىيىكنى ئاتىب يىقتى. خاننىڭ ئالدىغا كەلتۈردى، خان ئاڭار ھەم ئېللى مىلڭ تەڭگە ئالاپا بېردى. ھەر كۈن ئوشبۇنداغ زەۋق سافا قىلۇر[189] ئېردىلەر. يەنە كۈنلەردە بىر كۈن خان ئايدى، ئاي بېگلەرىم بارىڭلەر، قۇش ئاۋلاب كەلتۈرۈڭلەر تېب بۇيۇردى. بېگلەر ھەر بىرىدىسى قۇشلارىن ئالىب چىقدىلەر، قۇشلار ئاۋلاب كەلتۈردىلەر. قىيات شونقار قۇشى بىرلە ئاق قۇش تابدۇردى. سەڭلە لاچىن بىرلە تۇرنا تابدۇردى. ئورداچ قارچىغا بىرلە قاز تابدۇردى. تامىيان قىرغىي بىرلە بۆدەنە تابدۇردى. ھەر بىرىسى قۇشلى قۇشى بىرلە تابدۇرگەن قۇشلارنى ئالىب كەلدىلەر. چىنگىزخاننىڭ ئالدىغا سالدىلار. خان بۇ قۇشلارنى كۆرۈب ھەر قويۇسنا مىڭار تەنگە ئالاپا[190] بېردى. ئەمما قىياتغا، سەڭلەگە، ئورداچىغا، تامىيانغا ئىكى شەر مىلڭ تەڭگە ئالاپا بېردى. ئاندىن سولڭ چىنگىزخان ئۇلۇ ئوغلى[191] يۆچىغا ئاسل مال ئاندا تابار

---

[179] قارا تاغ، [180] موزاي باش، [181] كۆز قارچۇغۇدەك، [182] دۇنياغا تويۇنۇپ، [183] قورشاپ، [184] ئىنئام، [185] تالادا، [186] بىر توپ، [187] قوغلىدى، [188] مۆڭگۈزىدىن تۇتاتتى، [189] تاماشا قىلىپ، هوزۇر هالاۋەت سۈرەتتى، [190] ھەر بىرگە مىلڭ تەڭگە سۆيۈنچە، [191] چولڭ ئوغلى.

[192] تېب ئالتۇن-كۈمۈش كۆبدۈر يۇرت كېڭدۇر تېب، تېرمىز ئورداسىندا خانلىقغا قويدى. تاقى ئېكىنچى ئوغلى جادايىنى ئېل ئۇلۇسى ئاندا بولۇر تېب، تۈمەن دۆرلۈ خالق ئاندا بولۇر، ئۇلۇغ يۇرتدۇر تېب، ھندۇستان ئورداسىندا خانلىقغا قويدى. ئۈچۈنچى ئوغلى كېرەيىنى ئېر كىيەر ساۋۇتى، ئېر قۇشانۇر[193] قىلىچى كۆبدۈر تېب ئاسلزادە خالقدۇر دېب كۆرەل ئورداسىندا خانلىقغا قويدى. تۆرتىنچى ئوغلى تولايىنى خالقلارى رەھىملىدۇر تېب، ئىراۋ يۇرتدۇر تېب ئېر كىيەر جوغاسى، ئاتلاسى، تورقاسى كۆبدۈر تېب ئىشى قاتى ئاشى تاتلى تايماس ئۇلۇغ يۇرتدۇر دېب، مەسكەۋ ئورداسىندا خانلىقغا قويدى. ھەر بىرسىنە ئۇشبۇ ئەيتىلغەن ئوردالارنى خالق بىرلە ئانلارغا ئۈلەشىب بېردى. ئېمدى ئول شەھەرلەردەكى خانلارنىڭ ئاسلى تۆبى بۇلاردىندۇر، ئاسلى چىنگىزخاندىندۇر. ئاندىن سولۇ يەنە بىلەسىزكىم چىنگىزخان پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋاسسالامنىڭ تارىخىندان سولۇ بېش يۈز قىرىق توقۇزىنچى يىلدا ئېردى، توڭۇز يىلىندا زۇلقەدە ئايىندا ئانادىن تۇغدى. ئاندىن سولۇ چىنگىزخان يېتمىش ئېكى يىل ئۆمر كېچۈردى، ئون ئۈچ ياشىندا خانلىقغا ئولتۇردى، خان بولدى. ئېللى توقۇز يىل خانلىق سۈردى. چىنگىزخاننىڭ تۇغغان شەھەر تۇرغان يۇرتى قاتاي ئېردى. يەنە يېتمىش ئېكى يىلىندان سولۇ توڭۇز يىلىندا مۇبارەك رامازان ئايىنىڭ ئونتۆرتىنچى كۈن تارىخ ئالتى يۈزدە يىگىرمى تۆرتدە دۇنيادىن ئۆتتى، سۆزى دۇنيادا قالدى. رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىم تەمام.

تەييارلىغۇچى: **ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ**

(ئاپتور: جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمي جەمئىيىتىدە)

[192] ئېسىل مال ئۆز ئىگىسىنى تاپار، [193] يېنىغا ئېسىۋالغان قىلىچى.

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇنۇنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۆلكە ــ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقلىڭ ــ شاھلىقلىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ــ 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ــ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 60

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

E-mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# قەدىمكى خېتىم مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش



خى قەدىمكى گىرېتسىيە، رىم قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭكىدىن نۇرغۇن يىللار ئاۋۋال ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەردى.

1872-يىلى ۋىلىيام لەيت ئىسىملىك ئىرېلاندىيەلىك مىسسىيونېر (دىن تارقاتقۇچى) سۈرىيە شەھىرىنىڭ خاماستىن قېزىۋېلىنغان، ئۈستىدە ئويما بار بولغان بەش پارچە تاشقا ئىگە بولدى. لەيتنىڭ ئۆزى بۇ تاش پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بەلگىلەرنى چۈشەنمىسىمۇ، دىن تارقاتقۇچى بولغاچقا ئۇ «تەۋرات»قا ئىنتايىن پىششىق ئىدى. «تەۋرات»تا بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم خېتىملىقلار ئاددىي تىلغا ئېلىنغان. ئىسرائىلىيەلىكلەر تۇرۇۋاتقان يېرىگە كەلگەندە، پەلەستىندە تۇرۇۋاتقان بىر قانچە مىللەتلەر ئارىسىدا خېتىملىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. يەنە ئابراھام (خېتىم ئاددىمى ئىفلۇن)نىڭ قولىدىن ئايالى سارانى دەپنە قىلغان ئۆڭكۈرنى سېتىۋالغان؛ شۇنداقلا نامسىز «خېتىم پادىشاھى» سولوموندىن ئات سېتىۋالغان، سولوموندىكى نۇرغۇن خوتۇن ۋە توقاللار ئارىسىدا خېتىملىقلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۈرىيە پادىشاھىنىڭ قانداق قىلىپ بىر قوشۇن بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختىنى قورشىۋالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن شەھەر ئىچىدىكى ئاشلىق تۈگەپ، كىشىلەر ئېشەك بېشى، كەپتەر مايىقىنى تاماق ئورنىدا يېگەن. قورشىۋېلىنغان ئادەملەر ئۈمىدىنى ئۈزمەكچى بولغاندا مۆجىزە يۈز بەرگەن: «تەڭرى سۈرىيە قوشۇنىغا چوڭ قوشۇندىن كەلگەن جەڭ ئېتى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقان». سۈرىيەلىكلەر ئىسرائىلىيە پادىشاھى خېتىملىقلار ۋە مىسىر بىرلەشمە ئارمىيەسىنى چاقىرىپ ئەكىلىپ خاننى قوغدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كەتكەن.

1834-يىلى تېكسىسېر بوزكېيىنى بايقىغاندىن تارتىپ تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ بۇ رايونغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، قېزىشقا قىزىقتۇرۇپ كەلدى. 1869-يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى تۆمۈريول ئىنژېنېرى جون ۋودنىڭ قول ئاستىدىكى قېزىش ئەترىتىدىكىلەر يېفۇسۇدىن بۈيۈك بۇتخانىنى بايقىدى. ئۇلار يەر يۈزىدىن ئون ئىنگلىزچىسى تۆۋەن جايدىن بۇتخانىنىڭ مەرمەر تاشتىن ياتقۇزۇلغان يەر يۈزىنى قېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېرمانىيەلىك شېرمان 1870-يىلى تروي خارابىسىنى بايقىدى. بۇ بايقالغان مەدەنىي يادىكارلىقلار مىس قوراللار دەۋرىگە تەۋە بولىدۇ. 1893-يىلى بوزكېيىدىن تۇنجى تۈركۈمدىكى لاي تاختا يېزىقى (ئومۇمىي سانى نەچچە مىڭ پارچە) چىقتى. ئۈستىگە مەلۇم شەكىلدىكى تەسۋىرىي يېزىق ئويۇلغان، بۇ لاي تاختىدىكى يېزىقلارغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئاناتولىيەنىڭ تارد-

يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە ئاساسەن لەيت ئەگەر «ئىنـجىل»دا بۇ قوشۇنى مىسىر قوشۇنى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغاندا بۇ ئەلۋەتتە قۇملۇق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىسى بولمايدۇ دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ خېتىملىقلار بۇرۇن تەڭداشسىز بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى چوقۇم خامـماستىكى تاشقا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئويغان، شۇنداقلا بۇ تاشلاردىكى ئابىدىلەرنى خېتىملىقلار قالدۇرغان دەپ قىياس قىلغان.

لەيت بۇ بەش پارچە تاشنى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيـخانىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ تاش ئۈستىدىكى بەلگىلەرنى يېشىپ چىقىشـنى ئۈمىد قىلغان.

1879-يىلى ئاچبورد شېس ئىسىملىك ئەنگلىيەلىك ئالىم تېكسىسر ئىلگىرى بوزكېيى ۋە ياسەينىياكادا تارتقان سۈرەت ۋە خاماس تېشىنىڭ رەسىمنى سېلىشتۇرغان. شېس ئىككى پارچە رەسىمدىكى بەلگىلەرنىڭ ئوخشاشلىقـنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن شېس ئوخشاش بىر مەدەنىيەتـنىڭ ئاناتولىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن جەنۇبقا نەچچە يۈز ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى سۈرىيەگە كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ قانداق دەپ ئويلىغان. شېس ئۇنداقتا بەلكىم «ئىنجىل»دا تىلغا ئېلىنغان ئادەم خېتىملىقلار بولۇـشى مۇمكىن ھەمدە ئۇلار بەلكىم بوزكېيى ئەتراپىدا تاغ چوققىسىدا قەلئە ياسايدىغان مىللەت بولۇشى مۇمكىن دەپ يەنمۇ بىر قەدەم پەرەز قىلغان.

1880-يىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىنجىل» «ئارخېئولوگ ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىنىدا، شېس يەنە بىر قېتىم ئىرېلاندىيەلىك ۋىلىيام لەيتنىڭ ئالتە يىل ئىلگىرىكى خاماس ئابىدىسى خېتىملىقلارنىڭ ئەسىرى دېگەن ھۆـكۈمنى جاكارلىغان.

لەيتمۇ بۇ ئۇزاق مۇددەت ئۇنتۇلغان مىللەت توغرىـسىدا «خېتىملىقلار ئىمپېرىيەسى» دەپ بىر پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب پۈتۈنلەي يېڭى بولغان خېتىم ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا يول ئېچىپ بەرگەن. تارىخشۇناسـلارنىڭ قەدىمىي دۇنياغا بولغان كۆز قارىشىنى مەڭگۈلۈك ئۆزگەرتكەن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خېتىملىقلار ئۆزىنىڭ يېشىش مۇمكىن بولمىغان يېزىقى ئارقىلىق ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم ئاسسۇرىيە ۋە مىسىر مەدەـنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارمۇ ماتېرىياللاردىن خېـتىملىقلار مەدەنىيىتى توغرىسىدا يىپ ئۇچىنى بايقىغان.

ئەڭ ئاخىرىدا خېتىملىقلار مەخپىي دەرۋازىسىنى ئاـچىدىغان ئاچقۇچ تۈركىيەدە تېپىلماي، بەلكى يىراق بولغان مىسىردا بايقالغان. 1887-يىلى قاھىرەنىڭ جەنۇبىـغا 200 ئىنگلىز مىل يىراقلىقتىكى نىل دەرياسى بويىدىكى تايىل ئامارنا كەنتى ئەتراپىدا بىر تۈركۈم مەخپىي ساقلانـغان لاي تاختا بايقالغان. بۇ بىر قانچە قۇر رەتلىك تەسۋىـرىي يېزىق ئويۇلغان لاي تاختا ئەسلىدە مىسىر فىرئەۋنى ئاخناتۇننىڭ دىپلوماتىيە ۋە مەمۇرىيەت خېتى بولۇپ، بۇ فىرئەۋن قەدىمىي مىسىر تارىخىدىكى دىن ئىسلاھ قىلىش بىلەن داڭق چىقارغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 14-ئەسىرـدە، ئۇ يېڭى بىر پايتەخت ئاخناتۇننى قۇرغان، ئاخناتۇنـنىڭ مەنىسى «ئاتۇننىڭ نۇرى يورۇتقان جاي» دېگەنلىكـتۇر (تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ فىرئەۋننىڭ ئىككىنچى









ئايالى تۇغقان ئوغلى، كېيىن ئاجايىپ مەشھۇر بولغان تۇتان كامىن بولۇپ، تۇتان كامىن 20 ياشقا بارمايلا سىرلىق ئۆلۈپ كەتكەن. سەۋەبى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس). ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن لاي تاختا يېزىقىدا بىر داڭلىق خان ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ يۈرۈشى تەپسىلىي سۆزلەنگەن. بىر پارچە لاي تاختا يېزىقى خېتىم پادىشاھى سۇبىلۇلىۇمانىڭ ئوردا ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلغان بولۇپ ياش ئاخناتۇننىڭ مىسىر پادىشاھلىق ئورنىغا چىققانلىقىنى تەبرىكلەش توغرىسىدىكى خەت ئىكەن، كۆپلىگەن خەتلەر بابىلون ئاككاد يېزىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىپلوماتىيە ئورتاق تىل يېزىقىدا يېزىلغان.

لېكىن ئىككى پارچە لاي تاختا باشقىلارغا ئوخشىمىغان، ئۇلار ھېچكىم بىلمەيدىغان يېزىقتىن شەكىللەنگەن، ئۇنداقتا بۇ ئىككى پارچە لاي تاختا ئۈستىگە زادى نېمىلەر يېزىلغان؟

1893 ـ يىلى، بىر فىرانسىيەلىك ئىنسانشۇناس ئاناتولىيەنىڭ بوزكېيىدىن ئىككى پارچە لاي تاختا قېزىۋالغان. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن، بۇ ئىككى پارچە لاي تاختا ئۈستىدىكى تەسۋىرىي يېزىق بىلەن مىسىردىكى ئامارنا كەنتىدىكى ھېلىقى يېشىش مۇمكىن بولمىغان تەسۋىرىي يېزىقنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىغان، بۇ كۈتۈلمىگەن بايقاش قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن خېتىم مەدەنىيىتىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

1905 ـ يىلى بىر پارچە مۇشۇنداق تەسۋىرىي يېزىق يېزىلغان بوزكېيى لاي تاختىيى گېرمانىيەلىك ئاسسىرىئولوگ خوك ۋىنكىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ۋىنكىر ۋە بىر گۇرۇپپا ياردەمچىلىرى 10 ـ ئايدا بوزكېيىغا بېرىپ 34 پارچە لاي تاختايىنى كولاپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپىنچىسى مۇشۇنداق تەرجىمە قىلغىلى بولمايدىغان تەسۋىرىي يېزىق بىلەن يېزىلغان ئىدى.

بۇ لاي تاختا يېزىقى ۋە بوزكېيى غايەت زور خارابىسى بىزگە گويا بۇ خارابىلىكلەر خېتىملىقلارنىڭ بىر مۇھىم شەھىرى، بۇ تەسۋىرىي يېزىق بەلكىم خېتىملىقلارنىڭ يېزىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلاتتى.

مۇشۇ نۇقتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇ ئىككىنچى يىلى يەنە بىر قېتىم كولىدى. بۇ قېتىم ۋىنكىر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بالدۇرلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئادەتتە چوڭ قەلئە دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ ئەتراپىدىن تىزىلا رەتلىك تىزىلغان مۇكەممەل ساقلانغان لاي تاختا يېزىقىنى كولاپ چىقتى. ۋىنكىر بۇ يەرنىڭ ئادەتتىكى ئاھالە ئولتۇراق رايونى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ «بوزكېيى چوقۇم ئىنتايىن مۇھىم مەركەز» دەپ پەرەز قىلدى. ئۇنى گۇمانلاندۇرىدىغىنى بۇ خارابىلىك بىلەن خېتىملىقلار ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار؟ قارىغاندا بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن، سەۋرچانلىق بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىش كېرەك ئىدى. 20 كۈندىن كېيىن بىر قازغۇچى ۋىنكىرگە بىر پارچە ئىنتايىن ياخشى ساقلانغان ئاككاد تىلى لاي تاختا يېزىقىنى ئەكىلىپ بەردى، ۋىنكىر ئەسلەپ تۇرۇپ: «ئۇنى كۆرۈپلا ئىلگىرى كۆرگەنلىرىم بىلەن زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلدىم» دېگەن.

ئۇ زادى نېمىنى كۆرگەن؟

«دۇنيا مىراسلىرى» كىتابىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئايجامال مۇھەممەد**

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



# ئۇيغۇرلاردىكى گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى

نىياز ساتتار، قۇربان سابىر



توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئىتى
گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى توقسۇ بازىرىنىڭ ئەتىر-
گۈل مەھەللىسىدىكى پېشقەدەم قول ھۈنەرۋەن ئۇستىسى
ئابدۇللا ياسىن ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە شاگىرتلىرىنىڭ قولىدا
ساقلىنىپ قالغان.

گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق ۋە ئىلمە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى-
نىڭ راۋاجى بولۇپ، بۇ مەھسۇلات مىللىي خاسلىقى، نە-
پىسلىكى، يارىشىملىقى بىلەن ھەر مىللەت خانىم- قىزلىرى-
نىڭ ئەتىۋارلىق باش كىيىمى، ناھىيەنىڭ نۇقتىلىق سايا-
ھەت بۇيۇمى ۋە كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن ناما-
يەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئەپسۇس بۇ
مەھسۇلات ناھىيە بويىچە بىرلا ئائىلىدە ساقلىنىپ قالغان
بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدا
مەلۇم زىددىيەت كۆرۈلۈپ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ
ھەم يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان.

## گىجىم ياغلىقنىڭ توقۇلۇشى

گىجىم ياغلىق تۆت چاسا شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى
110سانتىمېتىر بولۇپ، چۆرىسىگە 20 سانتىمېتىر ئۇزۇن-
لۇقتا چۇچا، ئۆزىدىن نەپىس خىلمۇخىل گۈللەر چىقىرىل-
غان. بىر قاراشقا تورغا ئوخشاش بولۇپ، ئاساسلىقى پىلە
(مەشۇت) يىپ، سۇنئىي تالالىق يىپ قاتارلىقلار خام ماتې-
رىيال قىلىنىدۇ. بۇ ياغلىق گۈل نۇسخىسى بويىچە تۈرلەر-
گە بۆلۈنگەن بولۇپ، توخۇ كۆزى گۈللۈك ياغلىق،
تەڭگە گۈللۈك ياغلىق، چۆجۈرە گۈللۈك ياغلىق، غىچ
(خىش) گۈللۈك ياغلىق قاتارلىق شەكىللەر بويىچە ئىشلەپ-
چىقىرىلىدۇ.

**كونكرېتنى شەكلى:** گىجىم ياغلىق ساپ پىلە يىپتىن
توقۇلىدىغان، سىدام (ئاق رەڭلىك) بولۇپ، ئۆزىدىن
گۈل چىقىرىلغان، گىجىم ياغلىقنى توقۇشتا ئۇزۇنلۇقى 50-
60 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى ئىككى مىللىمېتىر كېلىدىغان
قىزىل يۇلغۇننىڭ پىشقان چۇۋىقىدىن ئىككى دانە زىخ

ياساپ، زىخنىڭ ئىككى ئۇچىنى سىلىق قىلىپ، شۇ ئىككى دانە زىختىن پايدىلىنىپ، يىپنى ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ زىخ ئۇچىغا ئىلىپ، گۈل نۇسخىسىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۈچ سانتىمېتىردىن تۆت سانتىمېتىرغىچە ئوڭ، يەنە شۇنىڭغا ماس ئۇزۇنلۇقتا تەتۈر ئىلىپ توقۇلىدۇ، ئاندىن چۆرىسىگە تەكشى 20 سانتىمېتىر قىلىپ قاتلاپ تەييارلىغان چۇچىنى زىخ بىلەن ئىلىپ توقۇپ چىقىلىدۇ. بۇ ياغلىق ھەر مىللەت ئاياللىرىغا ئۆزگىچە لاتاپەت، ھۆسنىگە ھۆسن ئاتا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۆلۈم-يىتىم، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق مۇراسىملىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىپ، مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرمەكتە.

گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر دىنبىر ۋارىس ئابدۇللا ياسىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ تۇرلۇك جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئەسلىدىكى يىپەك ياغلىق ئاساسىدا گىجىم ياغلىقنى ئىجاد قىلدى ھەمدە قايتا-قايتا سىناپ، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق گىجىم ياغلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، تېخنىكا يىغىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئاساسىدا يىرىم ماشىنىلاشتۇرۇپ، توقۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، كۆركەم ئوراپ قاچىلاپ، مەخسۇس«ھىلال ئاي» تاۋار ماركىسىنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتتى.

## گىجىم ياغلىقنى توقۇشقا مۇناسىۋەتلىك بۇيۇم (ئۈسكۈنە)لار

ئىككى تال توقۇش زىخى، بىر قانچە تال چوڭ زىخ، يىپ ئېگىرىدىغان چاق، توقۇش ماشىنىسى، چېتىش ماشىنىسى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. يىپ بۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان بىردىنبىر خام ماتېرىيال بولۇپ، بۇنىڭ بىر خىلى سۇنئىي تالالىق يىپ، يەنە بىرى مەشۇت (پىلە)يىپ.

**ماتېرىيال جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى:** گىجىم ياغلىق توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىپ ماتېرىيالىغا بىر قەدەر ئالاھىدە تەلەپ قويۇلىدىغان بولۇپ، سۇنئىي تالالىق يىپ ياكى سۈپەتلىك پىلە يىپ بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاندىن رومال ياغلىقنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى:** مىللىي كىيىم-كېچەك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر مىللەت خانىم-قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ باش كىيىمى ئىشلىتىشتەك خاسلىقنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئالاھىدە مىللىي گۈزەل خاسلىق ۋە قويۇق مىللىي تۇرمۇشنى گەۋدىلەندۇ-





رۇپ، خانىم-قىزلارغا گۈزەللىك، جەزبىدارلىق، لاتاپەت ئاتا قىلىشتەك ئالاھىدىلىك ۋە ئورتاقلىققا ئىگە.

**ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكى:** «گىجىم ياغلىق» توقۇش تېخنىكىسى گەرچە بىرلا ئائىلىدە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئاددىي ئۇسۇل بويىچە ئىككى تال زىخ بىلەن يىپنى ئېلىپ توقۇلىدۇ. شۇڭا بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھازىرقى زامان دەۋر ھەم يۇقىرى ۋاقىت سۈرئىتى تۈپەيلىدىن بۇ تېخنىكىنىڭ ئومۇملۇقى بىرئاز يوقالغان، ئەمما بۇ قويۇق مىللىي ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

**مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى:** بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر-سەنئەت خاراكتېرىگە، ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپ قەدىمكى بىلەن ھازىرقى زامان سانائىتى بىرلەشتۈرۈلگەن، قەدىمىيلىكنى ساقلاپ، سۈپەت جەھەتتىن ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن ھازىرقى زامان تەلپىگە لايىقلاشتۇرۇلغان مىللىي بۇيۇم بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئورتاق ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلار كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدە بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## گىجىم ياغلىققا مۇجەسسەملەنگەن قىممەتلىك ئامىللار

ئۇيغۇر قول ھۈنەر-سەنئەت كەسپىنىڭ تىپىك مەھسۇلاتى بولغان گىجىم ياغلىق توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل يەرلىك مەھسۇلاتى ۋە ساياھەت بۇيۇمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، قىممەتلىك مۇنەۋۋەر خەلق مەدەنىيىتىنىڭ بىرى بولۇپ، تەكشۈرۈپ قېزىش ئارقىلىق ئېنىقلانغان ئالاھىدە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ھۈنەر-سەنئەت كەسپىدۇر.

گىجىم ياغلىق توقۇش ھۈنەر ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، سپتىلىقى، مىللىي خاسلىقى بىلەن ھازىرقى زامان تېخنىكىسىنىڭ گىرەلىشىشى، بۇيۇم تۈرىنىڭ ئۆزگىچە نەپىسلىكى، يارىشىملىقىدىن ئىبارەت بۇيۇم شەكلىنىڭ رەڭگارەڭ خىلمۇخىللىقى، تۇرمۇشقا يېقىنلىقى بىلەن، مەدەنىيەت تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئالاھىدە ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتكە ئىگە.

گىجىم ياغلىق ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەتىۋارلىق ئىستېمال بۇيۇمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر مىللەت خانىم-قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش، مەلۇم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش (توقۇش) ئۇسلۇبى، شەكلى، تېخنىكا تەرتىپىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مىللىي خاسلىقى، ماتېرىيال، خام ئەشيا جەھەتتە مەشۇت (پىلە) يىپ ۋە باشقا يىپلارنى ئاساس قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىۋاستە تەبىئەتتىن ئېلىپ ئاددىي، ئەنئەنىۋى تېخنىكىلىق قول ئەمگىكى بىلەن توقۇش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**مەدەنىيەت قىممىتى:** گىجىم ياغلىق دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتلەرنىڭ ئىستېمالىغا ماس كېلىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتكە ئىگە.

## گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسىنىڭ يوقىلىپ كېتىش خەۋپى

گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى بىر قەدەر ئىنچىكىلىكى، سپتىلىقى ۋە ناھايىتى ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان، جاپالىق قول ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ، ھازىرقى زامان تاۋار بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، ۋاقىت زىچلىقى، ۋارىسچىلارنىڭ ياشنىپ قېلىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا، ئەمگەك سىڭدۈرلىقى، ئەكسىچە بۇ كەسىپكە قىزىقىدىغانلارنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ھەم ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى قوغداش، تەربىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تولىمۇ زۆرۈر.

(ئاپتور: توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا)



# ئۇيغۇرلاردىكى خۇراپىلىق ۋە ئەقىدىچىلىك



**داۋىد گۇستافسون**

(داۋىد گۇستافسون 1913 ــ 1915 ـ يىللىرى قەشقەردە تۇرغان
شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر. بۇ يازما ئۇنىڭ كۈندىلىك
خاتىرىسىدىن تەرجىمە قىلىندى)

مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خۇراپاتلىق ۋە ئەقىدىچىلىك
ئومۇملاشقان. بۇ ئۇلاردىكى دىنىي تەسىرنىڭ كۈچلۈكلۈكى،
ئۇلار ياشاۋاتقان ئېگىز تاغلار، قاراڭغۇ جىلغىلار، سەھرايى چۆل-
لۈكلەر، قۇيۇن- بورانلار ۋە مىراجىلاردىن تەركىب تاپقان
سىرلىق مۇھىت ئىچىدە مۇشۇنداق ئۆرپ- ئادەت شەكىللىنىپ
قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلار چۈشكە، ئەرۋاھلارغا، يامان كۆزلەرگە، جادۇگەر-
لىككە ۋە بارلىق تۇسالغۇ سېھرگەرلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار كې-
سەللىك ۋە بالا - قازالارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ كۈچلەر يارىتى-
دۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار قوللىنىدىغان ئەڭ كۆپ ۋە ئۈنۈملۈك
دەپ قارايدىغان قورال ــ ئەرەبچە ئايەتلەرنى ئوقۇش ۋە
دۇئا قىلىشتۇر. گەرچە ئۇلار بۇ ۋاستىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشقا يەنىلا ياردىمى تەگمىگەنىدى. بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەن
كېسەللەرمۇ كېسەللىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا كېلىدىغان
بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت دۇئا قىلغان بولسى-
مۇ، دۇئالىرىنىڭ پايدىسى بولماي، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېي-
تىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرۋاھلارنىڭ «يامان كۆزى» ناھا-
يىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە بولۇپ، بىرەر ئات ياكى ھەر
قانداق ھايۋان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر «يامان
كۆزگە» ئۇچراپلا قالىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ھاياتىدىن
ئايرىلاتتى، ئىنسانلاردىكى ئاغرىق - سىلاق، بالايى - قازالارمۇ
بۇنىڭدىن ساقىت ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ خىل «يامان كۆز»
لەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەرلەرگە نىسبەتەن بۇ خىل خەتەر-
لىك كۈچتىن خالىي بولغان، يەنى ئايىغى ياراشقان خوتۇن

تاللاشمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش ئىدى.

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئېغىزدىن چىققان ھەرخىل سۆزلەرمۇ بۇ خىل «يامان كۆز» نى باشلاپ كېلەتتى. مەسىلەن، بالىلارنى ئەركىلىتىپ چىرايلىق، ياكى ئۇماق دەپ تەرىپلەشكە بولمايتتى. چوقۇم ئۇنى يامانراق سۆزلەر يەنى «ئوغرى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چاقىرىش كېرەك ئىدى. ئېغىرئاياغ ئاياللارنىڭ «يامان كۆز» دىن ساقىت بولۇشى ئۈچۈن بوسۇغىدىن بىر سىقىم توپا، بەش خىل ئەخلەت ۋە بىر باغلام پاختىنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ ئىسسىنى بىر دوپپىغا سولاپ، دۇرۇتلارنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئۇنى يىراقلارغا تاشلىۋېتەتتى.

يەنە ئۇلار «نەس باسقان كۈن» لەرگىمۇ ئىشىنەتتى. بۇنداق كۈنلەردە سودا باشلاشقا بولمايتتى. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن مۇشۇنداق كۈن بولۇپ، چوقۇم دىققەت قىلىش كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ، ئاينىڭ بېشىدىكى تۇنجى كۈن ئانچە قارشى ئېلىشقا ئۇچرىمايتتى.

ئۇلار يەنە تۇماردىن ئايرىلالمايتتى. قېرىلار، بالىلارنىڭ ھەممىسىدىلا تۇمار بار ئىدى. تۇمار يالغۇز ئۆزلىرىنىلا ئەمەس بەلكى يەنە ئۆي ھايۋانلىرىنىمۇ خەتەردىن ساقلايدۇ دەپ قارايدۇ، شۇڭا ھەتتا ئات ۋە كالىلارغىمۇ تۇمار ئېسىپ قويۇشىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا بۆرە چىشىدىن تۇمار پۈتۈپ بويىنىغا ئېسىۋالغان كىشىلەر ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر قارىلىدۇ ۋە گېپىنىڭ سالمىقى بولىدۇ. ياۋا توشقاننىڭ يۈرىكىدىن ياسالغان تۇمار ئاسقۇچى ئوق ۋە ئوقيادىن خالىي بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۆرە تىرنىقىدىن ياسالغان تۇمارنى بالىلارغا ئېسىپ قويغاندا تۈرلۈك يامان كۆزلەردىن ساقلايدۇ. بۆرە ئوشۇقىدىن ياسالغان تۇمار دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىدىن ساقلايدۇ، دەپ قارايدۇ.

جىندىن ۋە ئەرۋاھتىن قورقۇشمۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان. ئۇلار ھەممىلا يەردە جىن بار دەپ قاراپ، ئۇلارنى قوغلاش ئۈچۈن داپ چېلىپ، ئۈنلۈك ۋارقىراپ، تورۇسقا بىر ئارغامچا باغلايدۇ. ئاندىن كىشىلەر كېسەل كىشىنى باغلاپ، يالغاندىن ئۇنىڭغا پىچاق سانجىغاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئارغامچىنى سامان بىلەن كۆيدۈرۈپ بەدەنگە كىرىۋالغان جىننى يوقاتماقچى بولىدۇ. شۇنداق قىلسا جىن ئاندىن تورۇستىكى ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەرمىش. ئەڭ ئاخىرىدا بايىقى ئىستا ئىسلانغان بىر قاچا سۇنى كېسەلنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ.

مازار-ماشايىخلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كىشىلەر قەبرىگە تېۋىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاغا بارلىق كۆڭۈل سىرلىرىنى يەتكۈزىدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، قەشقەردىكى ئاپپاق غوجا مازىرىنى يىراق-يېقىندىن كېلىپ يوقلاپ دەردىگە شىپا ئىزدەيدۇ. كېيىن ئاڭلىشىمچە بەزى بالا يۈزى كۆرەلمىگەن ئاياللارمۇ مازارلارغا بېرىپ، ئاللادىن شىپا ئىزدەيدىكەن. ئاندىن ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئاشمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇ يەردىكى ئېغىر تاشلارنى كۆتۈرۈپ باقىدىكەن، ئاندىن يەنە ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكى بولسا تاشنىڭ ئۈستىگە ئوقيا قويۇپ قويىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بۇ مازارلاردا 40 كۈن تۈنەپ، «قۇرئان»نى قىرائەت قىلىپ چىقىش ئىدى. بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندا مۇشۇ مازارلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىشمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ تىلەكلىرىدىن بىرى ئىدى. لېكىن مازارلارنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلىكلەر قىممەت بولغاچ پەقەت بايلارلا سېتىۋالالايتتى.

چۈشكە ئىشىنىش ۋە تەبىر بېرىشمۇ ئومۇملاشقان. «ئەگەر بىر كىشى چۈشىدە پەيغەمبەرنى كۆرسە، ئۇ ئادەم ھەرگىز دوزاخقا كىرمەيدۇ. چۈشىدە پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كىشى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈشىدە مازار كۆرگەن كىشى يۇقىرى ئابرۇي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. چۈشىدە دەرۋىش كۆرگەن كىشى يىلبويى ئاغرىقتىن خالىي بولىدۇ. چۈشىدە يۇلتۇز كۆرگەن كىشىنىڭ ئارزۇ - مەقسەتلىرى رويابقا چىقىدۇ. چۈشىدە ئاغرىقنى كۆرگەن كىشىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولىدۇ. چۈشىدە ئۆلۈك كۆرسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. چۈشىدە يىغلىسا، كۆپ خۇشاللىقلارغا ئېرىشىدۇ».

گەرچە «قۇرئان»دا پال سېلىش چەكلەنگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر پالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنداق پالچىلارنىڭ ئالدىغا كەلگۈسىنى بىلمەكچى بولغانلار، ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئېرىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى، ئېرىنىڭ قاچان سەپەردىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە

بىر ياغلىقا نەچچە تال تاش تاشلىنىپ، ئاندىن جاۋابىنى كىتابتىن ئىزدەيدۇ. بۇ پالچىلار دانىيار ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغۇچىسى دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئارىسىدا يەنە يامغۇر تىلىگۈچى كىشى بولۇپ، جەدىچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كىشى يامغۇر تىلەشتىن بۇرۇن مازارغا بېرىپ 41 كۈن ئىچىدە 70 مىڭ ئايەت ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. يامغۇر تىلەش جەريانىدا چوقۇم جامائەت ئىچىدىكى ياشقا ئەڭ چوڭ كىشى باشتىن-ئاياغ تۇرۇشى كېرەك، جەدىچى ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ئەزاسىدىن ياسالغان تاشنى يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ قېنىغا چىلاپ، دەرەخ شېخى بىلەن ئىلەشتۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ رىسالىسىنى ئوقۇيدۇ. يامغۇر يېغىش ۋاقتى ئادەتتە ئىككى كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مۆھلەت ئىچىدە يامغۇر ياغمىسا، ئۇ يەنە باشقىدىن كېچە-كۈندۈز دۇرۇت ئوقۇيدۇ. ئەگەر شۇنىڭدىمۇ يەنە يامغۇر ياغمىسا، ئۇ چاغدا جەدىچىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. جەدىچى ئەگەر يامغۇر ياغدۇرالىسا، خېلى كۆپ پۇلغا ئېرىشىدۇ، ئەگەر يامغۇر ياغدۇرالماي قالسا ياكى بەك كۆپ ياغدۇرۇۋەتسىمۇ خەلقنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە «يامان ئەرۋاھ» لارغا ئۇچراپ قالغان باللار «ئاۋاق» دەپ ئاتىلىدۇ. باللار تالادا ئويناۋاتقان چاغدا ئەگەر قۇيۇنغا ئۇچراپ قالسا، شۇ جىننىڭ كاساپىتىدىن شۇنداق بولدى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنداق باللار كۈندىن-كۈنگە ئىشتىھادىن قېلىپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ داۋاسى قېشىغا قاپقارا قاشلىق ئېتىپ، يۈزىنى قىزىل بوياپ، ئاندىن بالىنىڭ ئانىسى بازارغا بېرىپ ئون تۈگمەنچىدىن ئۇن، 11 قاسساپتىن 11 پارچە گۆش تىلەپ كېلىپ، ئۇنى پىشۇرۇپ ئانىسى بىلەن بالىسى بۇنى بىرگە يېيىشى كېرەك. تاماقتىن كېيىن بىر قونچاق ياساپ، بىر قاچىغا ئەتكەن تاماقتىن سېلىپ، يەتتە يول ئۆزئارا كېسىشكەن جايدىكى بىر ئورەككە بۇلارنى قويۇپ قويۇشى كېرەك.

ئەگەر تۇغۇتلۇق ئايال ئۈچ كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرالمىسا، بىر مېكيان ياكى بىر پاخلان ئوغرىلاپ كېلىنىپ، ئايال ياتقان ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدە بوغۇزلىنىپ، قېنى ئايالنىڭ بەدىنىگە ئاققۇزۇلىدۇ. ئاندىن تۇغۇتلۇق ئايالغا تاماق يېگۈزۈلىدۇ. تاماقتىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ بارلىق ئەزالىرى كېسەلنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا كۆمۈلىدۇ. بۇ جەرياندا «قۇرئان» دىن دۇرۇتلار ئوقۇلىدۇ.

شۋېتچىدىن: زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى بولاي دېسىڭىز...

روشەنگۈل ياسىن

سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتى مەكتەپ تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى. سىنىپ مۇدىرى سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، يېتەكچىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، مەسلىھەتچىسى. بۇ خىزمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولۇپ ئەستايىدىللىقنى، بېغىشلاش روھىنى، كەسپىي ئىقتىدارنى، تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان شەرەپلىك ھەم جاپالىق خىزمەت. ئوقۇتقۇچى سىنىپ خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا پىشىپ يېتىلىدۇ. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى، مەسئۇلىيەتچانلىق روھ بولۇش**

مەسئۇلىيەتچانلىق سالمىقى ئېغىر بولغان ئەڭ گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەت، سىنىپ مۇدىرى بولغۇچىدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغىنىدا ئوقۇغۇچىلاردىمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلىدۇ. سىنىپ مۇدىرى بولغۇچى بىر سىنىپنىڭ مەسئۇلى، 40-50 جۈپ قارا كۆزلەرنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگىلا مەسئۇل بولۇپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ساغلام پىسخىكا، توغرا دۇنيا قاراش تىكلىشىگە، بولۇپمۇ مەرىپەت بۇلىقىغا قېنىپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادلار قۇياش كەبى ئىللىق ھارارەتكە، ئۈزلۈكسىز يېتەكلىنىشكە، توغرا يولباشچىغا موھتاج بولىدۇ. سىنىپ مۇدىرى بولغۇچى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇقىرىدىكى خىزمەتلەرنى جان-دىلى بىلەن سۆيۈپ بالىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىش كېرەك.

**ئىككىنچى، يۈكسەك كەسپىي ئەخلاق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇش كېرەك**

سىنىپ مۇدىرى بولغۇچى جەمئىيەتتە بولسۇن ياكى مەكتەپتە بولسۇن كەسپىي ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىشى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى، ئىش ئورنىنى، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈشى، ئاتەش كەبى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشى، جاپالىق خىزمەت ئالدىدا ۋايىسماسلىقى، تىز پۈكمەس توغراق بويىچە مۇشەققەتلەر قوينىدىن خۇشاللىق ھېس قىلالىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز بالىسىدەك، مەكتەپنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈشى كېرەك.

**ئۈچىنچى، باشقۇرۇش سەنئىتىگە ماھىر، كەسپچانلىقى كۈچلۈك بولۇش**

سىنىپ مەسئۇلى بولغۇچىدا باشقۇرۇش، تەشكىللەش ئىقتىدارى، كەسپىي ساپاسى، ئىلغار دەرسخانا ئوقۇتۇشى، بالىلارنى جەلپ قىلىش ماھارىتى بولغاندا بالىلار ھۆرمەت قىلىدىغان، ياقتۇرىدىغان، ئاتا-ئانىلار ۋە بارلىق ئۇستازلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئۇستازغا ئايلىنالايدۇ.

ئۆزىدە بىر چېلەك سۇ بولغىنىدا ئۆزگىگە بىر تامچە سۇ بېرەلىگىنىدەك، ئۇستاز بولغۇچىدا مول بىلىم، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر ماھارەت، ئۆزگىچە قاراتمىلىققا ئىگە باشقۇرۇش سەنئىتى بولغىنىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر بىر ئەجىر-مېھنەتتىن گۈللەر ئۈنىدۇ.

**تۆتىنچى، ئۈلگىلىك روھ بولۇش**

بىزدە «سۆز تەربىيەسىدىن، ئۆز تەربىيەسى ئەلا» دېگەن گەپ بار. گەپ-سۆزىمىز، ھەرىكىتىمىز، كىيىنىشىمىز بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتەلىسەك، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان قايىللىقى ئاشىدۇ، ھۆرمىتى كۈچىيىدۇ. بىز بالىلارغا كۈلۈپ باقساق ئۇلارمۇ بىزگە قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەيدۇ. بىز گەرچە بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپكە ماڭدۇرالمىساقمۇ، كاللىسىغا بىلىم دۇردانىلىرىنى بىراقلا قاچىلاپ قويالمىساقمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىمىز، ئىنساب-دىيانىتىمىز، شەرم-ھايارىمىز، ۋىجدان-غۇرۇرىمىز بىلەن ياشىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرالىساق ئادىمىيلىك خىسلەت پەزىلىتىمىزنى ئۇلارنىڭ بىغۇبار قەلب ئېتىزلىرىدا بىخلاندۇرالىساق، ئەجرىمىزدىن ئۈنۈم بەرگەن سىنىپ مۇدىرى دېگەن نامغا ھەقىقىي لايىق بولغان بولىمىز.

دېمەك، بىر سىنىپنى، بىر كوللېكتىپنى بىلىملىك، ماھارەتلىك ئوقۇتقۇچى قولغا ئالسا جەمئىيەت خاتىرجەم بولىدۇ. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بالىلار مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلسا ساغلام ئۆسىدۇ، باراقسانلىشىدۇ، مېۋىلەيدۇ، كەلگۈسى مەڭگۈ پارلاق بولىدۇ.

(ئاپتور: كورلا شەھەر لەنگەر يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئەلشىر نەۋائىينىڭ «لىسان ئۇت ـ تەير» ئەسىرىگە سىزىلغان مىنىئاتۇرا






# 美拉斯
# MIRAS
# مىراس

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:expet@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040